# مىڭ بىر كېچە

3



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



ISBN 978-7-228-08403-6

9 787228 084036 >

定价:5.50 元

# مىڭ بىر كېچە

③

تەرجىمە قىلغۇچى: پاتىگۈل مىجىت



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

一千零一夜. 3/晓明编著;帕提古丽·米吉提译. —乌鲁木齐:新疆人民出版社,2003. 11(2008. 4 重印)

根据上海人民美术出版社 2001 年 4 月汉文版译出。

ISBN 978-7-228-08403-6

Ⅰ. 一… Ⅱ. ①晓… ②帕… Ⅲ. 民间故事—作品集—阿拉伯半岛地区—维吾尔语(中国少数民族语言)

Ⅳ. I371. 73

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2003)第 099941 号

# 一千零一夜(3)

## (少儿版)

| | |
|---|---|
| **责任编辑** | 艾合买提·伊明 |
| **责任校对** | 再米拉·菲达 |
| **出版发行** | 新疆人民出版社 |
| **电　　话** | (0991)2827472 |
| **地　　址** | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| **邮　　编** | 830001 |
| **经　　销** | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| **印　　刷** | 乌鲁木齐八家户彩印厂 |
| **开　　本** | 880×1230 毫米　1/32 |
| **印　　张** | 2. 625 |
| **版　　次** | 2003 年 11 月第 1 版 |
| **印　　次** | 2008 年 4 月第 2 次印刷 |
| **印　　数** | 4001—9000 |
| **定　　价** | 5. 50 元 |

بۇ كىتاب شاڭخەي خەلق گۈزەل سەنئەت نەشرىياتىنىڭ 2001 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى ، 2001 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تاللاپ تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى .

# مىڭ بىر كېچە (3)

## (بالىلار نۇسخىسى)


**تۈزگۈچى :** شاۋمىڭ
**تەرجىمە قىلغۇچى :** پاتىگۈل مىجىت
**مەسئۇل مۇھەررىرى :** ئەخمەت ئىمىن
**مەسئۇل كوررېكتورى :** زەمىرە پىدائى
**مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى :** مەمەت نەۋبەت
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى :** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**تېلېفون :** 0991—2827472
**ئادرېسى :** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى :** 830001
**ساتقۇچى :** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**باسقۇچى :** ئۈرۈمچى باجياخۇ رەڭلىك باسما زاۋۇتى
**فورماتى :** 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى :** 2.625
**نەشرى :** 2003 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**باسمىسى :** 2008 ـ يىلى 4 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
**تىرازى :** 4001—9000
**كىتاب نومۇرى :** ISBN 978—7—228—08403—6
**باھاسى :** 5.50 يۈەن

# مۇندەرىجە


بىنبو بىلەن ئېشەكنىڭ ھېكايىسى .................. 1
قاغا بىلەن زەھەرلىك يىلاننىڭ ھېكايىسى ......... 7
سىندبادنىڭ دېڭىز سەپىرىدىكى سەرگۈزەشتىلىرى .... 9
بىرىنچى قېتىملىق دېڭىز سەپىرى ................. 11
ئىككىنچى قېتىملىق دېڭىز سەپىرى ............... 19
ئۈچىنچى قېتىملىق دېڭىز سەپىرى ................. 29




تۆتىنچى قېتىملىق دېڭىز سەپىرى ................ 38
بەشىنچى قېتىملىق دېڭىز سەپىرى ................ 62



# شەھرىيار بىلەن شەھرىزاد

قايسى يىللاردا يۈز بەرگەن ئىش ئىكەنلىكى نامەلۇم، ئېشقىلىپ، بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا يىراقتىكى شەرقتە شەھرىيار ئىسىملىك بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. خانىشى ئۇنىڭغا ۋاپاسىزلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ شۇنچىلىك دەرغەزەپكە كەپتۇكى، بۇ دۇنيادا ئايال زاتىنى قويماي ئۆلتۈرۈۋېتىشكە قەسەم قىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۈندە بىر خوتۇن ئېلىۋېرىپتۇ، تاڭ ئېتىپ كۈن چىقىشى ھامان ئۇ خوتۇنلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ.



كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ. بۇ پادىشاھنىڭ زېمىنىدا ئايال كىشىنىڭ ئۇرۇقىمۇ قالماپتۇ. نېمىشقا دېگەندە، ئۇ ئاياللارنىڭ ئۆلىدىغىنى ئۆلۈپ، قالغانلىرى تاغۇدەشتلەرگە، چۆل - باياۋانلارغا جېنىنى ئېلىپ قاچقانىكەن. لېكىن، ئادەم ئۆلتۈرۈش خۇمار بولۇپ قالغان پادىشاھنىڭ بولدى قىلغۇسى كەلمەپتۇ. ئۇ ۋەزىرىنى ھۇزۇرىغا چاقىرتىپ، زەردە بىلەن:

— بۈگۈن كۈن ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى ياش، چىرايلىق قىزدىن بىرنى تېپىپ ئالدىمغا ئەكەلمەيدىكەنسەن، كاللاڭنى ئالىمەن! — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ.

ۋەزىر ئىزدەپ ئاۋارە بولماي، غەم - قايغۇدىن بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە ئۇدۇل ئۆيىگە كەپتۇ. چۈنكى، بۇ ئەلدە جېنىنى ئېلىپ قاچمىغان بىرلا قىز قالغانلىقى، ئۇ قىزنىڭ دەل ئۆزىنىڭ ئەقىللىق، ئوماق قىزى شەھ-



-رىزاد ئىسكەنلىكى ئۇنىڭغا ئايان ئىكەن. شۇغىنىسى، ئۆزد-
نىڭ جېنىدىن ئەزىز كۆرىدىغان قىزىنى پادىشاھقا بېرىپ
ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىشكە ئۇنىڭ يۈرىكى قانداقمۇ چىدىسۇن!

ئاتىسىنىڭ كۆن بويى يېمەي-ئىچمەي، ئاھ ئۇرۇپ ئولتۇرغىنىنى كۆرگەن شەھرىزاد ئاتىسىدىن نېمە بولغانلىقىنى سوراپتۇ، سەۋەبىنى بىلگەندىن كېيىن قىلچىمۇ ئىككىلەنمەستىن:

— ئاتا، ئوردىغا كىرىپ پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە بولاي! — دەپتۇ.

— ئۇنداق قىلساڭ بولمايدۇ، قىزىم! — دەپتۇ چۆچۈپ كەتكەن ۋەزىر، — پادىشاھنىڭ قانخورلۇقىنى بىلمىسەڭغۇ.

شەھرىزاد كۆڭلىگە بىر ئىشنى پۈككەندەك مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ دەپتۇ:

— ھېچ ۋەقەسى يوق، بۇنىڭغا مېنىڭ ئامالىم بار. بىر بولسا پادىشاھنى خۇنخورلۇقتىن توسۇپ قالارمەن.



باشقا ئىلاج تاپالمىغان ۋەزىر قىزىنىڭ دېگىنىگە ئامال-سىز كۆنۈپتۇ. ئۇ قىزىنىڭ كىتاب ئوقۇشقا خۇمار، نۇرغۇن بىلىم ئالغان، ئەقىل - پاراسەتلىك قىز ئىكەنلىكىنى بىلى-دىكەن. بۇ ئەلدىكى بارلىق ئاياللىڭ ئەقلىنى يىغسىمۇ قى-زىنىڭكىگە يەتمەيدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ ئامالىم بار دەۋاتقاندىكىن، ئۇنىڭ چوقۇم ئامالىنىڭ بارلىقىغا ئىشىنى-دىكەن.

كەچقۇرۇن شەھرىزاد ئوردىغا كىرىپتۇ. ئۇنىڭ چېھرى-دىكى يېقىملىق كۈلكىنى، گۈزەل رۇخسارىنى، لاتاپەتلىك تۇرقىنى كۆرگەن پادىشاھنىڭ ئاياللارنى كۆرگەندە تۇتىدىغان جۇدۇنى ئاللىقاياقلارغا غايىب بوپتۇ. ئۇ كۆزلىرىنى جامدەك ئاچقان پېتى زۇۋان سۈرەلمەي قاپتۇ. «ئاجايىپ قىزدەك قىلىدۇ. بوپتۇ، بىر كېچىنى شادلىق ئىچىدە ئۆتكۈزۈۋالى-سۇن، — دەپ ئويلاپتۇ پادىشاھ، — بەربىر ئەتە تاڭ ئېتى-شىغىلا ئۆلىدۇ».

شەھرىزاد پادىشاھنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپتۇ. ۋاقىت ئاس-تا - ئاستا ئۆتۈشكە باشلاپتۇ. ھەر ئىككىلىسى ئۆز خىيالى بىلەن لام - جىم دېيىشمەپتۇ. بىردەمدىلا ئۇخلايدىغان چاغ بوپتۇ. شۇ ئەسنادا شەھرىزاد:

— شاھىم، بۇ مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كېچەم ئىكەنلىكى مائا ئايان. شۇنداق بولسىمۇ كۆڭۈللىرىنى شاد ئەيلەشنى خالايمەن. ئۇزۇن تۈننى قىسقارتىش ئۈچۈن، سىلىگە بىر ھېكايە ئېيتىپ بېرىشىمگە ئىجازەت بەرگەيلا، — دەپتۇ.

— پاھ، بۇ قالتىس گەپ بولدىغۇ، — دەپتۇ پادىشاھ شەھرىزادنىڭ قولىدىن تارتىپ خۇشاللىق بىلەن، — ئەي گۈزەل قىز، ھېكايىڭىزنى ئاڭلاشقا خۇشتارمەن، قېنى باشلاڭ ئەمىسە!

دىمىسىمۇ، پادىشاھ ئايال زاتىنى ئۆلتۈرۈشكە باشلى- غاندىن تارتىپ، ھەرقانداق ئايال ئۇنىڭ ئالدىدا لاغ - لاغ تىترەپ، ھېكايە ئېيتىش تۇگۇل ئاۋازىنىمۇ چىقىرالمايدى- كەن. بۇنىڭدىن پادىشاھنىڭ تولىمۇ ئىچى سىقىلىدىكەن.

شەھرىزاد تېنىمەي - تەمتىرىمەي ھېكايىسىنى باشلاپتۇ. ھېكايىنىڭ ۋەقەلىكى تولىمۇ قىزىق، ئۇنىڭ ئۇستىگە شەھرىزاد ۋەقەلىكنى تولىمۇ ئوبرازلىق سۈرەتلەپ بەرگەچكە، ئۇنىڭ ھېكايىسىگە پادىشاھلا ئەمەس، بەلكى مۇلازىملارمۇ مەپتۇن بوپتۇ...

بىلىپ - بىلمەي تاڭ ئېتىپتۇ، دەرپەردىلەر شەپەقتىن قىزغۇچ نۇر ئاپتۇ، شەھرىزاد ھېكايىسىنى زوق - شوق بى- لەن ئېيتىۋېرىپتۇ.



« پاھ، ئۆمرۈمدە بۇنداق ياخ- شى، بۇنداق قىزىقارلىق ھېكايى- لەرنى ئاڭلاپ باقماپتىكەن- مەنكەن، — دەپ ئويلاپتۇ

پادىشاھ، — ئۇنى ئۆلتۈرىدىغان چاغ بوپقالدى، شۇغىنىسى ئۇ-
نىڭ ھېكايىسى تېخى... بوپتۇلا، ئۇ يەنە بىر كېچە ياشى-
ۋالسۇن، ھېكايىسىنى سۆزلەپ تۈگەتكەندىن كېيىن ئۆل-
تۈرسەممۇ كېچىكمەسمەن».

تۈنجى كېچە مانا مۇشۇنداق تىنچ - ئامان ئۆتۈپ كې-
تىپتۇ. ئىككىنچى كېچىسى شەھرىزاد تېخىمۇ ئېسىل
ھېكايىسىنى باشلاپتۇ. پادىشاھنىڭ ئاڭلىغانسېرى ئاڭلىغۇ-
سى كەپتۇ. بىراق، ئۆلگەن ئادەم ھېكايە ئېيتالمايدىغانلىقى
ئۈچۈن پادىشاھنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە كۆزى قىيماپتۇ.
شۇنىڭ بىلەن شەھرىزاد يەنە بىر كېچىنى ھايات ئۆتكۈزۈپ-
تۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئۈچىنچى كېچە، تۆتىنچى كېچە...



لەردىمۇ ئامان قاپتۇ. ئۇنىڭ ھېكايىسى بىر - بىرىدىن قىزىق بولغاچقا، پادىشاھنىڭ ئاڭلىغانسېرى ئاڭلىغۇسى كېلىۋې-رىپتۇ. ئۇ پادىشاھقا ھېكايە ئېيتىپ بېرىش بىلەن، مىڭ بىر كېچىنى ئۆتكۈزگەن چاغدا، پادىشاھ تەسىرلەنگىنىدىن ئۇنى چىڭ قۇچاقلىغىنىچە كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئى، ياخشى قىز، مەن سېنى ھەرگىزمۇ ئۆلتۈرمەي-مەن. مېنىڭ خانىشىم بولغىن. ئەمدى مەن ئاياللارنى ھەر-گىزمۇ ئۆلتۈرمەيمەن. بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولغىن!

شەھرىزاد قۇتۇلۇپ قاپتۇ. شۇنداقلا ئۇ بۇ ئەلدىكى بارلىق ئاياللارنى قۇتۇلدۇرۇپ قاپتۇ. جېنىنى ئېلىپ قېچىپ كەتكەن ئاياللار كەينى - كەينىدىن ماكانلىرىغا قايتىپ كەپتۇ. شۇ-



نىڭدىن ئېتىبارەن بۇ ئەل ئاسايىشلىققا چۆمۈپتۇ.

كىچىك دوستلار! شەھرىزاد پادىشاھقا ئېيتىپ بەرگەن ھېكايىلەرنى سىلەرنىڭمۇ ئاڭلىغۇڭلار باردۇ؟! ئەمدى ئوقۇيدىغىنىڭلار، شەھرىزاد ئاشۇ ئۇزۇندىن - ئۇزۇن مىڭ بىر كېچىدە پادىشاھقا ئېيتىپ بەرگەن ھەم ئۇنى تەسىرلەندۈرگەن مىڭ بىر كېچە ھېكايىلىرى!



# بېلىقچى بىلەن دىۋىنىڭ ھېكايىسى

## *بېلىقچى بىلەن دىۋە*

دولقۇنلاپ تۇرغان دېڭىز بويىدا ئاق كۆڭۈل، ئەمگەكچان بىر بېلىقچى بوۋاي ياشايدىكەن. ئۇ بېلىق تۇتۇپ ئۈچ ئوغلى بىلەن ئائىلىسىنى باقىدىكەن. ئۇنىڭ كۈنلىرى بەك غورىگىل ئۆتسىمۇ، قىزىق بىر مىجەزى بار ئىكەن. يەنى تورىغا قانچىلىك بېلىق چۈشۈشىدىن قەتئىينەزەر، ھەر كۈنى دېڭىزغا پەقەت تۆت قېتىملا تور سالىدىكەن، ھەرگىزمۇ بەشىنچى قېتىم تور سالمايدىكەن. بىر كۈنى چۈشتە، ئۇ ئادىتى بويىچە دېڭىز بويىغا كېلىپ تور ساپتۇ. تورنى يىغىدىغان چاغدا قارىسا تورى بەكمۇ ئېغىر بىلىنىپتۇ. ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە: « ھە، ياخشىلىقنىڭ ئالامىتىغۇ بۇ، تورغا خېلى جىق بېلىق چۈشكەن ئوخشايدۇ » دەپ ئويلاپتۇ.

شۈغىنىسى، ئۇ تەرلەپ ـ تەپچىرەپ



تورنى تارتىپ ئاچىقىپ شۇنداق قاراپ چۆچۈپ كېتىپتۇ. تورغا كىچىك بىرەر تال بولسىمۇ بېلىق چۈشۈشىنىڭ ئورنىغا يوغان بىر ئېشەكنىڭ ئۆلۈكى چۈشۈپتۇ.

بەكمۇ ئۈمىدسىزلەنگەن بېلىقچى بوۋاي تورىنى يىغقاچ ئۆز ـ ئۆزىگە: « نەچچە ئون يىل بېلىقچىلىق قىلىپ بۇنداق غەلىتە ئىشقا ئۇچراپ باقمىغانىدىم. ئىككىنچى قېتىم سالغان تورۇمدا تەلىيىم كېلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس» دەپ غۇدۇرىغاچ، تورنى ئىككىنچى قېتىم ساپتۇ. لېكىن، ئۇ تورنى زور ئىشەنچ بىلەن تارتىپ قىرغاققا ئاچىقىپ قارىسا، ئىچىگە لىق قۇم توشۇپ قالغان، پۇچۇلۇپ كەتكەن بىر كوزا تۇرغۇدەك.

«مەرتەم ـ مەرتەم، ئۈچ مەرتەم» دەپ ئۆزىگە مەدەت بېرىپتۇ



بېلىقچى بوۋاي ۋە ئۈچىنچى قېتىم تور ساپتۇ. كۆڭلى دەككە - دۈككىگە چۈشۈپ قالغان بېلىقچى بوۋاي خېلى بىر- ھازادىن كېيىن ئاندىن تورنى تارتىپ چىقىرىپتۇ. بۇ قېتىم تورغا چۈشكىنى لاي - لاتقىلار، ئەخلەت - چاۋارلار بوپتۇ. قاتتىق ئۈمىدسىزلىككە پاتقان بېلىقچى بوۋاي ئاسمانغا قا- راپ نالە قىپتۇ:

«ئى تەڭرىم! ھەر كۈنى پەقەت تۆت قېتىملا تور تاشلايدىغىنىمنى بىلىسەنغۇ، ئەمدى مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم تور تاشلىشىم قالدى. بۇ قېتىمغۇ مەندەك جاپاكەش بىچارىنى نائۈمىد قويماسسەن!»

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەممىگە قادىر ئاللاغا نىدا قىلىپ تۇرۇپ تورنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم دېڭىزغا تاشلاپتۇ، ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت ساقلىغاندىن كېيىن تورنى ئاستا تارتىشقا باشلاپتۇ، لېكىن تور خۇددى دېڭىز تەكتىگە چاپلىشىپ قالغاندەك ھەرقانچە كۈچەپ تارتىپمۇ مىدىرلىتالماپتۇ.

بېلىقچى بوۋاي ئامال- سىزلىقتىن كىيىملىرىنى



سېلىپ سوغا چۆشۈپتۇ – دە، پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ ھەپە-
لىشىپ يۈرۈپ مىڭ بالالىقتا تورنى قىرغاققا تارتىپ چى-
قىرىپتۇ. ئۇ تورغا شۇنداق قارىسا، ئىچىدە بىر سوقىچاق
مىس كومزەك تۇرغۇدەك، مىس كومزەكنىڭ قەللە بىلەن
كەپشەرلىۋېتىلگەن ئاغزىغا سۇلايمان شاھىنىڭ مۆھرى
بېسىلغانمىش، ئۇنىڭدىن باشقا تورغا بىر غېرىچ بېلىق
چاغلىق نەرسىمۇ ئىلىنمىغانمىش.

مىس كومزەكنى كۆرگەن بېلىقچىنىڭ شادلىقى تې-
شىغا تېپىپ چىقىپتۇ.

«خېلى ئىش بوپتۇغۇ. ئاللا ئاخىر رىزقى – نېسى-
ۋەمنى بېرىپتۇ. بېلىق تۇتالمىغان بولسامۇ، بۇ مىس
كومزەك بازاردا ئون تىللاغا يارايدۇ.»

ئۇ كومزەكنى سىلكىپ بېقىپتىكەن، خۇددى ئىچىدە
لىق نەرسە باردەك شۇنداق ئېغىر بىلىنىپتۇ. ئۇ ئىچىدە:

« ئالدىدا كومزەكنىڭ
ئىچىدە نېمە بارلىقى-
نى كۆرۈپ بېقىپ،



ئاندىن بازارغا ئاپىرىپ ساتاي» دەپتۇ ـ دە، قەلەمتىراچ بىلەن كومزەكنىڭ ئاغزىدىكى كەپشەرلەنگەن قەللىنى قىرىپ چى- قىرىۋېتىپتۇ، ئاندىن كومزەكنىڭ ئاغزىنى پەسكە قارىتىپ كۆچەپ سىلكىپتۇ، لېكىن كومزەكنىڭ ئىچىدىن ھېچنېمە چۈشمەپتۇ.

شۇنداق ئېغىر كومزەكنىڭ ئىچىدە ھېچنېمە يوقلۇقى ئادەمنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىكەن. بېلىقچى بوۋاي كومزەكنى ئالدىغا قويۇپ بۇ غەلىتە ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلمەي ھەيران بوپتۇ.

بىردەمدىن كېيىن كومزەكنىڭ ئاغزىدىن قاپقارا ئىس چىقىشقا باشلاپتۇ. تۇرۇلۇپ چىقىۋاتقان ئىس بىردىنلا چاچ- لىرى سالۋاراپ كەت- كەن، چىرايى قۇلۇپ- تەك قاپقارا، ھىڭگاڭ



چىشلىرى قوزۇقتەك، بەستى خۇددى تاغدەك بىر دىۋىگە ئاي-لىنىپ قاپتۇ. چىرايىدىن ياۋۇزلۇقى چىقىپ تۇرغان بۇ دىۋە مەسخىرىگە تولغان ئاھاڭدا:

— ياخشىمۇسەن، بېلىقچى! مېنى قۇتۇلدۇرۇۋالغىنىڭغا رەھمەت! شۇڭىنىسى، مەن سېنى ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا ئۆلتۈ-رۈۋېتىشىم كېرەك. قايسى تەرىقىدە ئۆلىسەن، قېنى، ئۆزۈڭ تاللا، — دەپتۇ.

— ئاھ خۇدا، ماۋۇ ياخ-شىلىقنى بىلمەيدىغان ئال-ۋاستىنى كۆرمەمدى-غان! — بېلىقچى



ئەلەمدىن ۋارقىراپ كېتىپتۇ، — مەن سېنى بىپايان دېڭىزدىن سۈزۈپ چىقىپ، تار كومزەكنىڭ ئىچىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قويسام، يەنە مېنى ئۆلتۈرمەن دەۋاتىسىنا! سېنى قۇتۇلدۇرغىنىم ئەمدى ئۆلۈمگە لايىق جىنايەت بولۇپ قالدىمۇ؟

— بەرھەق، — دەپ ياۋۇزلارچە ھىجىيىپتۇ دىۋە، — چوقۇم ئۆلۈشۈڭ كېرەك. شۇنداقتىمۇ، كۆزۈڭ ئوچۇق كەتمەسلىكى ئۈچۈن، مەن ساڭا بىر ھېكايە ئېيتىپ بېرەي. ھېكايەمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆلسەڭمۇ چوقۇم ئارمانسىز كېتىسەن.

— بوپتۇ، ھېكايەڭنى ئاڭلىسام ئاڭلاپ باقاي، شۇنچە يىل ياشاپ بۇنداق غەلىتە ئىشقا ئۇچرىشىم تېخى تۇنجى قېتىم، — دەپتۇ بېلىقچى.

شۇنداق قىلىپ، دىۋە ھېكايىسىنى باشلاپتۇ:

— ئەي بېلىقچى،



سەن مېنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى شۇنداق بىلگۈڭ بار، شۇنداقمۇ؟ ئۇنداق بولسا قۇلاق سال. ئەسلىدە مەن قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان ئازازۇل شەيتاننىڭ پۇشتى. ھەزرىتى سۇلايماننىڭ چىشىغا تېگىپ قويغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇ ۋەزىرى ئاسىفنى مېنى جازالاشقا ئەۋەتكەن. مەن ئاسىفقا تەڭ كېلەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەسىرگە چۈشۈپ قالدىم. ئۇ مېنى سۇلايماننىڭ ئالدىغا يالاپ كەلدى. سۇلايمان مېنى بۇ كومزەككە سېلىپ دېڭىزغا تاشلىۋەتتى.

كىچىككىنە كومزەككە قامال قىلىنىپ دېڭىزنىڭ قاپقاراڭغۇ تەكتىدە يېتىش مېنى تولىمۇ ئازابلىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن: « كىمكى مۇشۇ ئەسىر ئىچىدە مېنى قۇتۇلدۇرۇۋالسا، مەن ئۇنى ئۆمۈر بويى راھەت ـ پاراغەتتە ئۆتىدىغان تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرىمەن» دەپ قەسەم ئىچتىم. يۈز يىل ئۆتۈپ كەتتى، كومزەككە ھېچكىم چېقىلمىدى. ئىككىنچى ئەسىر باشلانغان چاغدا، كۆڭلۈمدە يەنە: « كىمدەكىم مېنى مۇشۇ ئەسىر ئىچىدە قۇتۇلدۇرۇۋالسا، ئۇنىڭغا



تۆگىمەس ـ پۈتمەس يەر ئاستى خەزىنىسىنى ئېچىپ بېرىمەن»
دەپ نىيەت قىلدىم. شۇغىنىسى، يەنىلا ھېچكىم مېنى قۇ-
تۇلدۇرۇۋالمىدى، ئۈچىنچى ئەسىر باشلاندى. گەرچە تولا كۈ-
تۈپ تاقىتىم تاق بولغان بولسىمۇ، يەنىلا: «كىمكى مېنى
مۇشۇ ئەسىردە قۇتۇلدۇرۇۋالسا، مەن ئۇنىڭغا بەخت تىلەيمەن
ھەمدە ئۇنى ئۈچ ئارزۇسىغا يەتكۈزىمەن» دەپ ئويلىدىم. ھال-
بۇكى، توپتوغرا ئۈچ ئەسىر ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، مېنى
قۇتۇلدۇرىدىغان ئادەم چىقمىدى. بۇنىڭدىن قاتتىق دەرغەزەپكە
كەلدىم ـ دە؛ «كىمدەكىم مېنى بۇ ئەسىردە قۇتۇلدۇرۇۋالسا،
ئۇنى چوقۇم ئۆلتۈرۈۋېتىمەن. ئۇنىڭ مېنى قۇتۇلدۇرۇۋالغىد-
ىنىنىڭ يۈزىنى قىلىپ قانداق ئۆلۈشنى ئۆزىگە تاللاتقۇزد-
ىمەن» دەپ قەسەم قىلدىم. ئەي بېلىقچى، دەل مۇشۇ چاغدا
مېنى قۇتۇلدۇرۇۋالغان ئادەم سەن بولۇپ قالدىڭ. قېنى ئېي-
تە، قايسى تەرىقىدە ئۆلۈشنى خالايسەن؟

تەلەتىدىن ياۋۇزلۇق يېغىپ تۇرغان دىۋىگە قاراپ بې-
لىقچى بوۋاي قىلچىمۇ قورقماپتۇ، ئەكسىچە، دىۋىگە ياخشى
گەپ قىلغاننىڭ پايدىسى يوق، يېلىنىپ ـ يالۋۇرسام، ئۇ
مېنى تېخىمۇ كۆزگە ئىلماي مازاق قىلىدۇ. مەن ئوچۇق ـ
يورۇق ئادەممەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاللا ئاتا قىلغان ئەقىل ـ
پاراسىتىممۇ بار، بۇ دىۋىنىڭ تاغدەك بەستى بولغىنى بىلەن
تېرىقچىلىك ئەقلى يوق. مەن ئەقىل ـ پاراسىتىمگە تايىنىپ
چوقۇم ئۇنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىمەن، دەپ ئويلاپتۇ.

بىر ئەقىل ئويلاپتۇ ـ دە، يالغاندىن تېڭىرقىغان قىيا-
پەتكە كىرىۋېلىپ:

— مەن ئۆلۈشتىن بۇرۇن سەن مېنىڭ بىر سوئالىمغا
جاۋاب بېرىسەن. بولمىسا كۆزۈم ئوچۇق كېتىدۇ. مەن تال-
لىغان ئۆلۈش ئۇسۇلى مانا مۇشۇ، — دەپتۇ.

دىۋە تاقىتى تاق بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، يەنىلا بې-
لىقچىنىڭ دېگىنىگە كۆنۈپتۇ.

— بوپتۇ، سورىغىن. لېكىن، قىسقىراق گەپ قىل!

— سېنىڭ مۇشۇ كومزەكنىڭ ئىچىدىن چىققىنىڭغا ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ. بۇ كومزەك شۇنچىلىك كىچىك تۇرسا، تاغدەك يوغان بەستىڭ تۇرماق، بىر پۇتۇڭمۇ ئۇنىڭ ئىچىگە سىغمايدۇ. بەلكىم سېنى مەن قۇتۇلدۇرمىغاندىمەن، ئاللىقاياقلاردىن قاڭقىپ كېلىپ، مېنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن بۇ باھانىنى تاپقانسەن؟

— ئەمىسە كۆزۈڭنى يوغان ئېچىپ تۇر، بېلىقچى. بۇ كومزەكنىڭ ئىچىدىن قانداق چىققىنىمنى ھازىرلا كۆرسىتىپ قويىمەن، — دەپتۇ دىۋە بېلىقچىنىڭ ئۆزىدىن گۇمانلانغانلىقىنى كۆرۈپ غەزەپلەنگەن ھالدا.

دىۋە گېپىنى تۈگىتىپ بىر سىلكىنىپلا قاپقارا تۈتۈنگە ئايلىنىپتۇ-دە، تۈرۈلۈپ-تۈرۈلۈپ



كومزەكنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ. تۇتۇن كومزەككە كىرىپ بولغان هامان، بېلىقچى بوۋاي يەردىكى مۆھۈرلەنگەن قەللە ئېغىزنى ئېلىپلا كومزەكنىڭ ئاغزىنى چىڭ ئېتىۋېتىپتۇ، ئاندىن:

— ئەمدى نېمە دەيسەن، ياخشىلىققا يامانلىق قىلىدىغان ئىبلىس. قېنى، دېگىن، قايسى تەرىقىدە ئۆلۈشنى خالايسەن؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

بېلىقچىنىڭ دامىغا چۈشكەن دىۋە يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ:

— ئى، ياخشى ئادەم، ماڭا رەھىم قىلغىن. مەن توۋا قىلدىم. قايتىدىن ئەركىنلىككە چىقسام، قۇدرىتى ئۇلۇغ ئاللانىڭ نامىدا قەسەم قىلىمەنكى، سېنىڭ بىر تال مويۇڭغا



تېگمش ئۇياقتا تۇرسۇن، ساڭا قولۇمدىن كېلىشىچە ياخ-
شىلىق قىلىمەن.

دىۋىنىڭ قورققىنىدىن ئاۋازىمۇ تىترەپ چىقىپتۇ.
بېلىقچى ئويلىنىپ بېقىپ:

—ئاللانىڭ نامىنى شېپى كەلتۈرۈپ قەسەم ئىچكەن-
دىكىن، ساڭا بىر قېتىم ئىشىنىپ قوياي. شۇنى ئېسىڭدە
تۇتقىنكى، ۋەدەڭگە ۋاپاسىزلىق قىلساڭ، ھەممە ئىشنى بى-
لىپ تۇرغۇچى ئاللانىڭ ئۆزى سېنى جازالايدۇ، مەن ئاۋارە
بولۇپ يۈرمەيمەن، — دەپتۇ ـ دە،
كومزەكنىڭ ئاغزىنى ئېچىۋېتىپتۇ.
كومزەكتىن
قاپقارا ئىس چى-
قىپ، دىۋە يەنە
پەيدا بوپتۇ، ئۇ
سولاقتىن قۇتۇ-



لۇپ چىقىپلا، ئۆزى سولانغان كومزەكنى بىرلا تېپىپ دې-
ڭىزغا چۈشۈرۈۋېتىپتۇ.

— سەن ... — بېلىقچى چۆچۈپ كېتىپتۇ ۋە ئەمدى
دېۋىنىڭ قولىدا ئۆلىدىغان بولدۇم، دەپ ئويلاپتۇ.

بېلىقچى بوۋاينىڭ كۆڭلىدىكى ئەندىشىنى چۈشەنگەن
دېۋە قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ:

— مېنىڭ كەينىمدىن ماڭ، بېلىقچى. مەن سېنى
ھەرگىزمۇ نائۇمىد قويمايمەن، — دەپتۇ.

## بېلىقچى بىلەن رەڭدار بېلىقلار

دېۋە بېلىقچىنى باشلاپ تاغ ـ داۋانلاردىن ئېشىپ بىر
جىلغىغا كېلىپ توختاپتۇ. جىلغىدا سۈيىنىڭ سۈزۈكلۈ-
كىدىن ئاستىنى كۆرگىلى بولىدىغان بىر كۆل بار ئىكەن.
كۆلدە ئاق، قىزىل، زەڭگەر، سېرىق تۆت خىل بېلىق ئۈزۈپ
يۈرەر ئىكەن. بېلىقچىنىڭ ئۆمرى بېلىق تۇتۇش بىلەن
ئۆتكەن بولسىمۇ، بۇنداق رەڭگارەڭ، غەلىتە بېلىقلارنى كۆ-
رۈشى تېخى تۇنجى قېتىم ئىكەن.

— بۇ بېلىقلار ساڭا ئامەت ئېلىپ كېلىدۇ، — دەپتۇ
دېۋە كۆلدىكى بېلىقلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — سەن
ھەر كۈنى بىر قېتىم تور سېلىپ، تورغا چۈشكەن بېلىقلارنى
پادىشاھقا تارتۇق قىلساڭ نۇرغۇن ئىنئامغا ئېرىشىسەن،
شۇنى ئېسىڭدە تۇتقىنكى، تورنى پەقەت بىرلا قېتىم سال-
سەن، ئاچ كۆزلۈك قىلساڭ بولمايدۇ. سېنىڭ ياخشىلىقىڭغا
قايتۇرىدىغان ياخشىلىقىم مۇشۇ، قالغىنى ئۆزۈڭگە باغلىق.

دېۋە گېپىنى تۈگىتىپ يەرنى بىر تېپىپتىكەن، يەر
شۇ ھامان يېرىلىپ، دېۋە ئىچىگە كىرىپ كېتىپ غايىب

بوپتۇ.

«خېلى ۋەدىسىدە تۇرىدىغان نېمىكەن بۇ. قېنى، شۇنىڭ دېگىنىچە قىلىپ باقاي، نېمە ئىشلار يۈز بېرەركىن، ۋاقتى كەلگەندە كۆرەرمەن» دەپتۇ بېلىقچى ئۆز - ئۆزىگە.

ئۇ دىۋىنىڭ دېگىنى بويىچە كۆلگە تور تاشلاپتۇ. تورۋا دېگۇدەك ئىش بوپتۇ. كۆلدە مىڭلىغان بېلىق ئۈزۈپ يۈرسىمۇ، بېلىقچى بوۋاينىڭ تورىغا پەقەت ئاق، قىزىل، زەڭگەر، سېرىق رەڭلىك تۆت تاللا بېلىق چىقىپتۇ.

بېلىقچى بىر خۇمرىنى ئېلىپ ئىچىگە لىق سۇ تۇشقۇزۇپ بېلىقلارنى سېلىپتۇ - دە، خۇمرىنى بېشىغا ئالغىنىچە



شاھ ئوردىسىغا بېرىپتۇ. پادىشاھ خۇمىرىنىڭ ئىچىدە ئۈزۈپ
يۈرگەن رەڭدار بېلىقلارنى كۆرۈپ ھەم خۇش بوپتۇ، ھەم
ھەيران بوپتۇ. چۈنكى، بېلىقچىغا ئوخشاش ئۇنىڭمۇ بۇنداق
بېلىقلارنى تۇنجى كۆرۈشى ئىكەن. ھەممىدىن ئوڭ كەلگەن
يېرى، ئۈچ كۈن ئاۋۋال يۇنان پادىشاھى تاماق ئېتىشكە تو-
لىمۇ ئۇستا بىر چۆرە قىزنى بۇ پادىشاھقا تارتۇق قىلغاند-
ىكەن. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ۋەزىرگە:

—بۇ تۆت تال بېلىقنى ھېلىقى ئاشپەز قىزغا ئاپىر-
ىپ بېرىڭ. ئۇ پىشۇرۇپ تەييارلىسۇن. مۇشۇ پۇرسەتتىن
پايدىلىنىپ ئۇنىڭ قولىنىڭ تەمىنى تېتىپ، ھۈنىرىنى بىر
كۆرۈپ باقايلى، — دەپتۇ.

پادىشاھ بېلىقچىغا قىرىق تىللا ئىنئام قىپتۇ. بې-
لىقچى تىللالارنى ئېلىپ خۇشال-
لىقى ئىچىگە سىغمىغان ھالدا
ئۆيىگە قاراپ چېپىپتۇ،





دېگەندىنمۇ چىن كۆڭلىدىن رازى بوپتۇ. ئۇ بۇنداق جىق پۇلنى تۇتۇپ بېقىش تۇگۇل، كۆرۈپمۇ باقماپتىكەن.

ئاشپەز قىز پادىشاھنىڭ پەرمانى بويىچە بېلىقلارنى قورۇپتۇ. ئۇ بېلىقلارنىڭ بىر تەرىپىنى ياغدا پىشۇرۇپ بولۇپ، يەنە بىر تەرىپىنى ئۆرۈۋې دېيىشىگە، ئاشخانىنىڭ تېمى يېرىلىپ، ئىچىدىن زەڭگەر يىپەك ياغلىق ئارتقان، قىممەت باھالىق ياقۇت ئۈزۈك سالغان، قولىدا شۆڭ ھاسا تۇتقان بىر قىز چىقىپ كەپتۇ. ئۇ قولىدىكى شۆڭ ھاسا بىلەن قازاننى ئىلەشتۇرگەچ، يېقىملىق ئاۋاز بىلەن:

— بېلىقلىرىم - بېلىقلىرىم، ۋەدەڭلەردە تۇرامسىلەر؟ — دەپ ئۈچ قېتىم سوراپتىكەن، قازاندا پىژىلداپ پىشىۋاتقان بېلىقلار توساتتىن باشلىرىنى تەڭلا كۆتۈرۈشۈپ، ئادەم تىلى بىلەن ئېنىق قىلىپ:

— تۇرىمىز، تۇرىمىز! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئارقىدىنلا ئۇلار تۆۋەندىكى بېيىتنى ئوقۇپتۇ:

سەن قىيدىسالڭ بىزدىن،
بىزمۇ سەندىن قىيدايمىز.
سەنمۇ ۋەدەڭدە تۇرمىسالڭ،
بىزمۇ سېنى جايلايمىز.

بېلىقلارنىڭ بېيىتىنى ئاڭلىغان قىز لام دېمەستىن قولىدىكى شۇڭ ھاسا بىلەن قازاننى قوچۇۋېتىپ تامنىڭ يېرىقىغا كىرىپ غايىب بوپتۇ. تامنىڭ يېرىلغان يېرى قايتىدىن ئەسلىگە كەپتۇ. بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرغان ئاشپەز قىز قورققىنىدىن تۇگۇلۇپلا قاپتۇ. قىز غايىب بولۇپ خېلىدىن كېيىن ئۇ ئېسىنى يىغىپ شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، قازاندىكى بېلىقلار كۆيۈپ كۆمۈردەك بولۇپ كەتكەن. نېمە قىلارىنى بىلمىگەن ئاشپەز قىز ۋەزىرنى تېپىپ كۆرگەنلىرىنى يىپىدىن يىڭنىسىغىچە سۆزلەپ بېرىپتۇ.

ئۇنىڭ گەپلىرىگە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمىگەن ۋەزىر: بۇ ئۆمرىدە كۆرۈش تۇگۇل ئاڭلاپ باقمىغان ئىش بوپتۇ، دەپتۇ ۋە بېلىقچىنى چاقىرتىپ، ئەته مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بېلىقتىن يەنە تۆتنى تۇتۇپ كەل، دەپ بۇيرۇق قىپتۇ.

ئەتىسى تاڭ ئەمدىلا يورۇشىغا بېلىقچى كۆلنىڭ بويىغا كېلىپ





كۆلگە تور ساپتۇ، تورنى تارتىپ چىقىپ قارىغۇدەك بولسا، تۇنۇگۈنكىگە ئوخشاشلا تۆت خىل رەڭدىكى بېلىقتىن تۆتى چۈشۈپتۇ. ئۇ دەككە - دۈككە ئىچىدە بېلىقلارنى ئوردىغا ئەكىرىپ ۋەزىرگە تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ. ئالدىنقى قېتىمقىغا ئوخشاش ۋەزىر ئۇنىڭغا قىرىق تىللا ئىنئام قىپتۇ. ۋەزىر بېلىقلارنى ئاشپەز قىزغا تاپشۇرۇپ:

— بۈگۈن بېلىق قورۇغىنىڭدا بېشىڭدا تۇرۇپ، ھېلىقى ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان غەلىتە ئىشنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ باقاي، — دەپتۇ.

بېلىقلار مايغا سېلىنىپ پىژىلداپ پىشىۋاتقان بىر چاغدا تام يەنە يېرىلىپ، ئىچىدىن قولىدا شۇڭ ھاسا تۇتقان ھېلىقى قىز چىقىپ كەپتۇ. ئۇ بېلىقلار بىلەن تۇنۇگۈنكىدەك

گەپلەرنى قىلىشقاندىن كېيىن قازاننى قوچۇۋېتىپ، يەنە تامنىڭ يېرىقىغا كىرىپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

بۇنى كۆرگەن ۋەزىرنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا قاپتۇ. ئۇ دەرھال پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ كۆرگەنلىرىنى پادىشاھقا مەلۇم قىپتۇ. بېلىق گۆشىنى يېيەلمەي چىشى قېرىشىپ تۇرغان پادىشاھ بۇ گەپتىن ھەيران بوپتۇ ۋە يەنە شۇنداق تۆت تال بېلىق تۇتۇپ كېلىش توغرۇلۇق بېلىقچىغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ. بېلىقچى ئۈچۈن بۇ تەس ئىش ئەمەس ئىكەن. ئۇ ئەتىسى سەھەر كۆل بويىغا كېلىپ ھېلىقى بېلىقلاردىن تۆت تال تۇتۇپ ئوردىغا ئاپىرىپ بېرىپتۇ. ئويلىمىغان يەردىن پادىشاھ بۇ قېتىم ئۇنىڭغا تۆت يۈز تىللا تارتۇق قىپتۇ. بېلىقچى ئىچ-ئىچىدىن رازى بولۇپ



ئۆيىگە قايتىپتۇ، چۈنكى بۇ بايلىق ئۇنىڭ ئۈچۈن تولىمۇ زور بايلىق ھېسابلىنىدىكەن. پادىشاھ ۋەزىرىگە:

— بۇ قېتىم بېلىقلارنى ئۆز قولىڭىز بىلەن قورۇڭ، مەنمۇ ئۇ ئىشنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ باقاي، — دەپتۇ.

— خوپ، ئالىيلىرى، — دەپتۇ ۋەزىر ۋە پادىشاھنى ئاشخانىغا باشلاپ بېرىپتۇ.

ئاشپەز بېلىقلارنى ئەمدىلا قازانغا سېلىپ تۇرۇشىغا تام يېرىلىپتۇ. بۇ قېتىم تامنىڭ يېرىقىدىن چىقىپ كەل-گىنى ھېلىقى ياش قىز بولماستىن، ئەكسىچە تېرىسى قاپقارا، قولىغا ياپيېشىل چىۋىق ئالغان، بەھەيۋەت بىر ئادەم بوپتۇ. ئۇ قازان بېشىغا كېلىپ ھېلىقى قىز دېگەن گەپ-لەرنى قوپال، توم ئاۋازدا تەكرارلاپتۇ. بېلىقلارمۇ ئالدىنقى كۈنلىرىدىكىدەك جاۋاب بېرىپتۇ. ئاندىن قارا ئادەم قازاننى قولىدىكى چىۋىق بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قويۇپلا تامنىڭ يې-رىقىغا كىرىپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

پادىشاھ قازاندىكى كۆيۈپ چۈچۈلا بولۇپ



كەتكەن بېلىقلارغا قاراپ تۇرۇپ كېتىپ:
— بۇ بېلىقلارنىڭ بىر تىل قىسىنچىلىقى بار. بۇ غەلىتە ئىشقا ئۇچراپ قالغانىكەنمەن، ئۇنى چوقۇم ئېنىقلاپ چىقىشىم كېرەك، — دەپتۇ.
ئۇ بېلىقچىنى دەرھال ئوردىغا چاقىرتىپ كېلىپ، بۇ بېلىقلارنىڭ كېلىش مەنبەسىنى سۈرۈشتە قىپتۇ ھەمدە ئۆزىنى بۇ بېلىقلار ياشايدىغان كۆل بويىغا باشلاپ بېرىشنى ئېيتىپتۇ.
بېلىقچىنىڭ يول باشلىشى بىلەن پادىشاھ ھەيۋەتلىك قوشۇنىنى باشلاپ نامازشام ئارا جىلغىدىكى ھېلىقى كۆل- نىڭ بويىغا بېرىپتۇ. ئۇ قوشۇنىغا كۆل بويىغا بارگاھ تى- كىش ھەققىدە يارلىق چۈشۈرگەندىن كېيىن ۋە- زىرىگە:



— بۈگۈن كېچە مەن چېدىرىمدا تىنچ ئولتۇرۇپ بۇ بېلىقلارنىڭ كېلىش مەنبەسىنى تەتقىق قىلماقچى. شۇڭا، مەيلى بەگ-خوجىلار ياكى ۋەزىر-ۋۇزرا، مۇلازىملار بولسۇن، يېنىمغا كىرىپ ماڭا ھالاقەت بەرمىسۇن، — دەپتۇ.

يېرىم كېچە، ئەل ئايغى بېسىققان پەيتتە پادىشاھ كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ، خەنجىرىنى ئېسىپ بارگاھىدىن ئاستا چىقىپتۇ-دە، ئۆزى يالغۇز تاغ-دەريالاردىن ئېشىپتۇ. ماڭە-ماڭە، قانچىلىك ماڭغانلىقى نامەلۇم، تاڭ ئاتاي دېگەن بىر چاغدا قارا تاشتىن ياسالغان بىر ئوردىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ، قارىسا، ئوردىنىڭ دەرۋازىسى ئېچىلىپ-يېپىلىپ تۇرغۇدەك، لېكىن كىرىپ-چىقىۋاتقان ئادەم كۆرۈنمىگۈدەك، پادىشاھ ھەرقانچە ۋارقىرىسىمۇ، ئوردىدىن جاۋابەن سادا چىقمىغۇدەك.

پادىشاھ ئۆز-ئۆزىگە: «بۇ ئوردىنىڭ ئىچىدە نامەلۇم بىر سىر بارلىقىنى كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرىدۇ» دەپتۇ-دە، قىلىچىنىڭ دەستىسىنى مەھكەم تۇتقىنىچە ئۆزىگە ئۆزى غەيرەت بېرىپ دەرۋازىدىن كىرىپتۇ، ئۇزۇن كارىدورنى بويلاپ مېڭىپ ئۇدۇللا تۆر ئۆيگە كىرىپتۇ، ئۇ ئۆيگە كىرىپ شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، ئۆينىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا يوغان بىر كارىۋات قويۇلغانمىش، كارىۋاتتا مىسىرچە زەر تون كىيگەن، بېشىغا ئېسىل جاۋاھىرلاردىن كۆز قويۇلغان ئالتۇن تاج تاقىغان چىرايلىق بىر يىگىت ئولتۇرغۇدەك، ئۇ يىگىتنىڭ چىرايىنى غەم-قايغۇ قاپلىغان بولۇپ، ئۇزايىدىن يۈرىكىدە قاتتىق ئېغىر دەردى باردەك تۇرارمىش. ئۇ پادىشاھقا ئەدەپ بىلەن سالام بەرگەندىن كېيىن:

— كېسەلچان بولغانلىقىم ئۈچۈن ھۆرمەتلىك مېھ-
مانىنى ئۆرە تۇرۇپ قارشى ئالالمىدىم. بىھۆرمەتلىك قىلغى-
نىمنى كەچۈرگەيلا، — دەپ ئۆزرە سوراپتۇ.
— ئەي يىگىت، تولا تەكەللۇپ قىلماڭ. ئۇسۇپلا
كىرگىنىم ئۈچۈن، مەن سىزدىن كەچۈرۈم سورىشىم كې-
رەك، — دەپتۇ پادىشاھ، سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن يەنە، —
شۇغىنىسى، كۆڭلۈمدە يېشەلمىگەن نۇرغۇن سىرلار بار.
سىرلىق كۆل، ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان تۆت خىل رەڭ-
دىكى بېلىق، مانا بۇ قارا تاشتىن قوپۇرۇلغان قەسىر، يەنە
تېخى سىزدەك بۇ قەسىردە تەنھا ياشايدىغان ھەسرەت-نادا-
مەت چېكىپ قىينىلىۋاتقان بىر يىگىت، دېگەندەك. بۇلارنىڭ
ھەممىسى زادى نېمە ئىش؟ بۇنى پەقەت سىزلا يېشىپ بې-
رەلىشىڭىز مۇمكىن.
پادىشاھنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان يىگىتنىڭ كۆز
ياشلىرى يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلۈپتۇ. ئۇ يەرگە
سۆرىلىپ تۇرىدىغان يېپىنچىسىنى شارتتىدە قايرىپ بېلىنىڭ



تۆۋەن قىسمىنى كۆرسىتىپ ئازاب بىلەن:

— ئەھۋالىم شۇ قەدەر ئېچىنىشلىق تۇرسا، مەن قاي-غۇرماي كىممۇ قايغۇرسۇن؟ — دەپتۇ.

پادىشاھ شۇ چاغدىلا كۆرۈپتۇكى، بۇ كېلىنشىكەن يىگىتنىڭ بېلىنىڭ تۆۋىنى مۇزدەك تاشقا ئايلىنىپ كەت-كەنىكەن. يىگىتنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتتىن داڭقېتىپ قالغان پادىشاھنىڭ ئۇنىڭغا بەكمۇ ئىچى ئاغرىپتۇ ھەم يى-گىتتىن قانداق بولۇپ مۇشۇنداق بولۇپ قالغانلىقىنى سو-راپتۇ. پادىشاھنىڭ غەمخورلۇقىدىن تەسىرلەنگەن يىگىت چوڭقۇر ئۇھ تارتىۋەتكەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئېچىنىشلىق قىسمىتىنى ئاستا سۆزلەشكە باشلاپتۇ.

## سېھىرلەنگەن شاھزادە

ئەسلىدە، ئەتراپىنى تاغلار ئوراپ تۇرغان بۇ تۇپراق قارا ئارال دۆلىتىنىڭ زېمىنى، بېشىغا تاج كىيگەن بۇ يىگىت قارا ئارال دۆلىتىنىڭ پادىشاھى ئىكەن. بەش يىل ئىلگىرى ئۇ چىرايلىق بىر قىز بىلەن توي قىلىپ، ئىجىل-ئىناق، بىر-بىرىگە ئامراق بولۇپ، كۆڭۈللىرىنى شاد-خۇراملىق، بەخت ئىچىدە ئۆتكۈزۈپتۇ. ئايالىنىڭ ئۆزىگە ۋاپاسىزلىق قىلىشى يىگىتنىڭ ئۇخلاپ چۈشىگىمۇ كىرمەپتۇ.

بىر كۈنى بۇ يىگىت پېشايۋاندا سەگدەپ ئولتۇرۇپ ئۆينىڭ ئىچىدىكى ئىككى كېنىزەكنىڭ قىلىشقان گېپىنى ئاڭلاپ قاپتۇ.

— پادىشاھىمىز بەك بىچارە جۇمۇ. شۇنداق ياش ھەم سۇمباتلىق تۇرۇپ، ئىچى زەھەر ھەم ۋاپاسىز بىر بۇزۇق خوتۇننى ئېلىپ قاپتىكەن، — دەپتۇ كېنىزەكلەرنىڭ

بىرى.

— ئىش بۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمەيدۇ! بايقىشىمچە، خانىش ھەركۈنى شاھىمىزنىڭ شارابىغا بىھوش قىلىش دورىسىنى سېلىپ قويۇپ، پادىشاھ قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەندە ئاستا سىرتقا چىقىپ كېتىپ تاڭ ئاتقاندا ئاندىن قايتىپ كېلىدۇ ـ دە، ئىسرىق سېلىپ شاھنى ئويغىتىدۇ. ئۇنىڭ نەگە بېرىپ، نېمە ئىش قىلىپ كەلگىنىنى ھېچكىممۇ بىلمەيدۇ. پادىشاھىمىز بۇ ئىشلاردىن خەۋەرسىز، ئاشۇ رەزىل، قارانىيەت خوتۇننى ئەتىۋارلاپ، جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرىدۇ، — دەپتۇ يەنە بىر كېنىزەك.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان يىگىتنىڭ غەزىپى قايناپ تېشىپتۇ.



لېكىن، ئۇ ئەقىللىق، ھەم-پاراسەتلىك پادىشاھ ئىكەن. ئاخشىمى ئۇ خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك خانىش بىلەن كۈلۈشۈپ، چاقچاقلىشىپ ئولتۇرۇپ بىللە غىزالىنىپتۇ. بىراق، ئۇ خانىش بىلەن قەدەھ سوقۇشتۇرۇپ شاراب ئىچ-كەندە، شارابنى ئوتلىماستىن، خانىش دىققەت قىلمىغان پۇرسەتتە ئاستا تۆكۈۋېتىپتۇ.

ياتقان چاغدا پادىشاھ قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەن قىياپەتتە مىدىر-سىدىر قىلماي يېتىۋاپتۇ. خانىش ئۇنى نەچچە قې-تىم چاقىرىپ بېقىپ، ئۇنىڭ تۇيماي ئۇخلاۋاتقانلىقىنى بى-لىپتۇ-دە، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپتۇ، ياسىنىپ-تارىنىپ، پەرداز قىلىپ ئوردىدىن غىپپىدە چىقىپ كېتىپتۇ.



يىگىت لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئۇنىڭ ئىزىغا چۈشۈپتۇ. ئېرىنىڭ كەينىگە چۈشكىنىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن خانىش چوڭ-كىچىك رەستىلەردىن ئۆتۈپ سېپىل دەرۋازىسىدىن چىقىپ، قاقاسلىقتىكى بىر كونا قەلئەگە كىرىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ روجەكتىن قەلئەنىڭ ئىچىگە قارىسا، يەرگە سېلىنغان پاخالنىڭ ئۈستىدە مەينەت، بەتبەشىرە بىر زەڭگى ياتقۇدەك. خانىش كىرىپلا زەڭگىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ ئۇنى مەھكەم قۇچاقلاپ تۇرۇپ:

— سېنى سۆيىمەن، سېنى جېنىمدىنمۇ ئەزىز كۆرىمەن. ھېلىقى ئۆلمىگۈر ئېرىم پادىشاھ بولغىنى بىلەن ئۇنى سېنىڭ تىرنىقىڭغا تەڭ قىلمايمەن. ئۇنىڭدىن شۇنچىلىك بىزار بولدۇمكى، ئىتتىكرەك بېشىنى يېسىكەن،



دەيمەن. ئۇ ئۆلسە، ئۇنىڭ دۆلىتى ئىككىمىزگە قالاتتى، — دەپتۇ.

بۇ مەنزىرىنى كۆرگەن پادىشاھنىڭ سەۋر قاچىسى تېشىپتۇ ـ دە، كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەي كىرىپلا زەڭگەنىڭ بوينىغا قىلىچ ئۇرۇپتۇ. چۆچۈپ كەتكەن خانىش ئوردىغا قېچىپ كېتىپتۇ. زەڭگىنى ئۆلدى دەپ ئويلىغان ياش پادىشاھ ئوردىغا قايتىپ كەپتۇ. نەچچە يىللىق ئەر ـ خوتۇنلۇقنىڭ يۈزىنى قىلىپ، ئۇ خانىشنى جازالىماپتۇ، پەقەت ئۇنىڭ گۇناھىنى يۇيۇپ، قىلغان ـ ئەتكەنلىرىگە توۋا قىلىپ، باشقىدىن ياخشى خانىش بولۇشىنى ئۈمىد قىپتۇ. ئەمما، خانىش پادىشاھنىڭ بۇ ياخشىلىقىنىڭ قەدرىگە



يەتمەپتۇ، ئاشنىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئېرىگە چىش-تىرنى-قىغىچە ئۆچلۈك قىلىپ، قانداق قىلسام ئەڭ قاتتىق ئۆچ ئالارمەن دېگەندىن باشقىنى ئويلىماپتۇ. ئۇ ياش پادىشاھقا جادۇ قىلىپ، ئۇنى يېرىم تاش ئادەمگە ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ. بۇ دۆلەتتىكى تۆت شەھەرنى تۆت تاغقا، پۇقرالىرىنى قىزىل، سېرىق، زەڭگەر، ئاق رەڭلىك بېلىقلارغا ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ.

بۇ كەچۈرمىشلەرنى ئاڭلىغان پادىشاھ:

— ئۇھ، ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك ئىش ئىكەنغۇ بۇ. سىزدىن سوراپ باقاي، ھېلىقى رەزىل ئايال ھازىر قەيەردە؟ ھېلىقى يىرگىنچلىك زەڭگى ئۆلگەن بول-غىيدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

يىگىت خورسىنغان ھالدا مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئۇ زەڭگى ئۆلمەي ئېغىر يارىلىنىپتىكەن. بىخەس-تەلىك قىلىپ قاپتىمەن. ئۇ ئاپەت ئۇزۇل-كېسىل يوقى-تىلماي قاپتۇ. ھازىر ئۇ رەزىل خوتۇن بۇ يەردىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر يەرگە مەخسۇس شۇ زەڭگىگە ئاتاپ ئۆي سالدۇرۇپ، كېچە-كۈندۈز ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىۋاتىدۇ.

پادىشاھ ئۇ ئۆينىڭ ئورنىنى سورىۋېلىپ، جادۇ قىلىن-غان ياش يىگىتكە:

— يامانلىققا يامانلىق قايتىدۇ، ھەر كىم يامانلىق قىل-سا، ئۆزىگە قىلىدۇ. مەن بۇ ئەنتىكىڭىزنى چوقۇم ئېلىپ بې-رىمەن ھەمدە دۆلىتىڭىزنى بۇرۇنقىدەك ئاسايىشلىققا تولغان بىر دۆلەتكە ئايلاندۇرۇپ، شاھلىق تەختىڭىزگە قايتىدىن چىقىشىڭىزغا ياردەم قىلىمەن، — دەپ تەسەللى بېرىپتۇ.

بۇ پادىشاھ چەۋەندازلارغا خاس باتۇرلۇققا ئىگە، باشقى-لارنىڭ دەردىگە يېتىدىغان ياخشى ئادەم ئىكەن. شۇ كۈنى كېچىسى ئۇ زەڭگى داۋالىنىۋاتقان ھۇجرىغا كىرىپ، بىر



قىلىچتىلا ئۇنىڭ جىنىنى تېنىدىن جۇدا قىپتۇ ۋە جەسەتىنى ئاچىقىپ كونا قۇدۇققا تاشلىۋېتىپتۇ، ئاندىن قايتىدىن كىرىپ، زەڭگىنىڭ كىيىملىرىنى كىيىپ، خەنجىرىنى مەھكەم تۇتۇپ، تام تەرەپكە قاراپ ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋاپتۇ.

بىردەمدىن كېيىن خانىش بىر قاچىدا قاينىتىلغان دورا كۆتۈرۈپ كىرىپ كەپتۇ. ئۇ زەڭگىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ:

— نېمىشقا ماڭا قارىمايسەن؟ گەپ قىلمايسەنغۇ؟ سېنىڭ تېزرەك ساقىيىپ بۇرۇنقى شادلىقىمىزدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشىمىزنى قانچىلىك ئارزۇ قىلىدىغىنىمنى

بىلەمسەن؟ — دەپتۇ.

پادىشاھ ئاۋازىنى زەڭگىنىڭكىدەك چىقىرىپ، ھاسىرد-
غان ھالدا:

— نومۇس قىلىشنى بىلمەيدىغان بۇزۇق. سىنىڭ
كاساپىتىڭدىن شۇ چاغقىچە ساقىيالمايۋاتىمەن مانا! —
دەپتۇ.

— بۇ قانداق گەپ؟ — سوراپتۇ چۆچۈپ كەتكەن خا-
نىش، — ھالىڭدىن جان- دىلىم بىلەن خەۋەر ئېلىۋاتىمەن-
غۇ؟ شۇنداق تۇرۇپ يەنە قانداقلارچە مېنىڭ كاساپىتىمدىن...
— بۇنىڭ سەۋەبچىسى ئاشۇ سېھىرلەنگەن ئېرىڭ، — پا-



دىشاھ بۇ رەزىل خوتۇننىڭ ۋايساشلىرىنى ئاڭلىماي، ئۇنىڭ گېپىنى غەزەپ بىلەن بۆلۈۋېتىپتۇ، — ئېرىڭنى تاشقا ئايلاندۇرۇپ قويغاندىن كېيىن ھەر كۈنى ئۇنىڭ ئاھ ئۇرۇپ يىغلىغىنىنى يىغلىغان. شۇ ۋەجىدىن مېنىڭ ئارامىم بۇزۇلۇپ، تىنچلىقىم يوقىلىۋاتىدۇ. ئاشۇنداق بولمىسىمۇ بۇرۇنراق ساقىياتتىممىكىنتاڭ. شۇڭا، ساڭا قارىغۇم كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى.

— ئۇنداق يېرى بولسا، يۈرىكىمدىكى ئادىمىم بولغان سەن ئۇچۇن سېھىرنى يېشىۋەتسەم يېشىۋېتەي، —دەپتۇ خانىش ئۇھسىنغان ھالدا.

— ئەمىسە تېز بارغىن. قانچە تېز بولسا، شۇنچە ياخشى، ئۇنىڭ ئاھ ـ زارى بەكمۇ جېنىمغا تەگدى.

— جېنىم بىلەن! — خانىش دەس ئورنىدىن تۇرۇپ ئوردىغا ئۇچقاندەك بېرىپتۇ ـ دە، بىر چىنە سۇنى يىگىتنىڭ ئۈستىگە چېچىپتۇ، ئاندىن ھېچكىممۇ چۈشەنمەيدىغان بىر ئەپسۇن ئوقۇپ ئۇرۇپتۇ ـ دە، ئېرىگە دەپتۇ، — ئەسلىدە مەن جادۇ قىلىپ ھەممە يېرىڭنى تاشقا ئايلاندۇرۇۋېتەلەيتتىم. خەير، بوپتۇ، ساڭا قىلغان جادۇنى ياندۇرۇپ، ئەسلىدىكى قىياپىتىڭگە قايتۇراي!

خانىشنىڭ سۆزىنىڭ ئايىغى چۈشۈپ تۇرۇشىغا، سېھىرلەنگەن يىگىت خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىپتۇ.

خانىش خۇشاللىقىدىن يۈگۈرگىنىچە «زەڭگى» نىڭ قېشىغا كەپتۇ ـ دە:

— ئادەمنىڭ جېنىغا تېگىدىغان ئۇ ئاھۇزارنى ئەمدى ئاڭلىمايدىغان بولدۇڭ. تېز ئورنۇڭدىن تۇر، سېنىڭ سالامەتلىكىڭ ئۈچۈن بىر قەدەمتىن كۆتۈرەيلى! — دەپتۇ.

— بولمايدۇ، — پادىشاھ ئاۋازىنى تېخىمۇ ئاجىز

چىقىرىپتۇ، — جىنىمغا تەگكەن يىغا-زاردىن قۇتۇلغىنىم بىلەن ھەر كۈنى كېچىسى ئەل ئايىغى جىمىققاندا كۆلدىكى ھېلىقى بېلىقلارنىڭ ئۆلۈمىمىزنى تىلەپ قارغىغانلىرىنى ئاڭلاپ ياتىمەن. چىن كۆڭلۈڭدىن چىققان ئاشۇ قارغىشلارنى مېنىڭ كېسىلىمگە داۋا بولىدۇ، دەپ ئويلىمايدىغانسەن؟

— بىخەستەلىكىمنى كەچۈرگىن. بۇ قارغىشلارمۇ خۇددى شامال ئۇچۇرغان ئىس-تۈتەكلەردەك ھازىرلا جىمىدىقىدۇ.

خانىش سۆزىنى تۈگىتىپ يۈگۈرۈپ كۆل بويىغا بېرىپتۇ-دە، ئەپسۇن ئوقۇشقا باشلاپتۇ. كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە، كۆلدىكى بېلىقلار پىلتىڭلىغىنىچە قىرغاققا ئۈزۈپ چىقىپ ئادەم قىياپىتىگە قايتىپتۇ. تۆت چوڭ تاغ غايىب بولۇپ، ئورنىغا ئەسلىدىكى كوچىلىرىدا ئادەملەر



مىغىلداپ يۈرگەن ئاۋات شەھەر پەيدا بوپتۇ.

خانىش يەنە خۇشاللىق بىلەن بېرىپ ياتقان پادىشاھقا:

— ھەممە نەرسە ئەسلىي قىياپىتىگە قايتتى، تەن سالامەتلىكىڭمۇ ئەسلىگە كېلىدىغان بولدى. تۇرە، مەن سېنى يۆلەپ ئايلاندۇرغاچ ساپ ھاۋا يېگۈزۈپ كېلەي، — دەپتۇ.

— راستىنلا خېلى يەڭگىللەپ قالدىم. ماڭا يېقىنراق كېلە، تېخىمۇ يېقىنراق ...



گەپنىڭ تېخى ئايىغى چۈشمەستىنلا، خانىش مۇزدەك بىر نېمىنىڭ كۆكرىكىگە قادالغانلىقىنى ھېس قىپتۇ. ئۇ «ۋايجان» دېيىشكىمۇ ئۈلگۈرمەستىن يەرگە دومىلاپ چۈشۈپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە سېھىرلىنىپ قالغان ھېلىقى يىگىت شاھلىق تەختىگە قايتىدىن چىقىپتۇ. كىشىلەر كاتتا مەرىكە ئۆتكۈزۈپ، پادىشاھنىڭ قايتىدىن دۇنياغا كەلگەنلىكىنى تەبرىكلەپتۇ.

يىراقتىن كەلگەن پادىشاھ جادۇگەرنى يوقىتىپ، جادۇ قىلىنغانلارنى ئازاد قىلىپ، ئۆز دۆلىتىگە زەپەر قۇچۇپ قايتىپتۇ. ئۇ بېلىقچىنى ئائىلىسى بىلەن ئوردىغا كۆچۈرۈپ كېلىپ، ئۇنىڭ چوڭ قىزىنى خانىش قىپتۇ. كىچىك قىزىنى شاھزادىگە ئېلىپ بېرىپتۇ، ئوغلىنى خەزىنىدار قىپتۇ. بۇ ئىشلاردىن ھەيران-ھەس بولۇپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ قالغان بېلىقچىغا پادىشاھ مۇنداق دەپتۇ:

—سەن تۇتۇپ كەلگەن تۆت خىل بېلىقلارنىڭ ۋەجىدىن بىر ئەلنىڭ خەلقى قايتىدىن ھاياتلىققا ئېرىشتى. بۇلارنىڭ ھەممىسىگە سەن ئېرىشىشكە تېگىشلىك، شۇڭا خاتىرجەم راھەت كۆرۈۋەر!

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، بېلىقچىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر تىنچ، خۇشال-خۇرام، باياشات ياشاپتۇ. ھېلىقى ياخشىلىقنىڭ قەدرىگە يېتىدىغان دىۋىنى ھېچكىممۇ كۆرۈش تۈگۈل، ئۇ توغرۇلۇق ئاڭلاپمۇ باقماپتۇ. بەلكىم ئۇ يامانلىقىدىن يېنىپ، بىرەر پىنھان جايدا ئۆزىگە تۇشلۇق ياشاۋاتامدىكىن.

# بايقۇتنىڭ ھېكايىسى

قەدىمىي بۇخارادا بايقۇت ئىسىملىك بىر قۇل ئۆتكەنىدكەن. ئۇ ئۇچىغا چىققان يالغانچى بولغاچقا، خوجايىنىنى يالغان گەپلەر بىلەن ئالداپلا يۇرىدىكەن. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ خوجايىنىنىڭ بەكمۇ بېشى قاتىدىكەن.

بىر كۇنى، خوجايىن دوستلىرىغا باغدا بەزمە قىلىپ بېرىپتۇ. ئۇلار يەپ-ئىچىپ، ئويناپ-كۇلۇپ راسا پەيزى قىلىشۋاتقان بىر چاغدا، خوجايىن بايقۇتنى ئۆيدىن بىر نەرسە ئەكېلىشكە بۇيرۇپتۇ. قىزىق تاماشىدىن قۇرۇق قالغان بايقۇتنىڭ بۇنىڭدىن تولىمۇ قورسىقى كۆپۇپتۇ-دە، خوجايىنىدىن بۇنىڭ ئۆچىنى ئېلىش نىيىتىگە كەپتۇ.



ئۇ يول بويى

ۋارقىراپ ـ جارقىراپ يىغلىغىنىچە ئۆيگە كەپتۇ ـ دە، خوجايىن-
نىنىڭ خوتۇنىغا، خوجايىن بىلەن دوستلىرىنى تام بېسىۋالدى،
دەپ خەۋەر قىپتۇ.

بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغان خوجايىنىنىڭ خوتۇنى بى-
لەن قىزلىرى قىيامەت قايىم بولغاندەك يىغا ـ زار قىلى-
شىپ، ئۆيىدىكى نەرسە ـ كېرەكلەرنى چېقىپ ھەسرەت ـ نا-
دامەتىنى بىلدۇرۇپتۇ. بايقۇتمۇ مانا ئەمىسە، دەپ ئۇلارغا
چېقىشىپ بېرىپتۇ. ئۆيدىكى چاقىدىغان نەرسىلەر تۈگىگەن-
دىن كېيىن ئۇلار ھازا ئېچىپ باغقا قاراپ مېڭىپتۇ. بايقۇت
ھەممىنىڭ ئالدىدا ئاۋازىنى بولۇشىغا قويىۋېتىپ يىغلاپ
مېڭىپتۇ.

يېرىم يولغا كەلگەندە، بايقۇت يالغۇز يۈگۈرگىنىچە
باغقا يېتىپ كېلىپ، خوجايىنىغا:



— ئۆي ئۆرۈلۈپ كېتىپ، ئۆي ئىچىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى تامنىڭ تېگىدە قېلىپ ئۆلدى، مال - مۈلۈكلەرمۇ تۈگەشتى، — دەپتۇ.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان خوجايىن باشتا بۇتتەك قېتىپ قاپتۇ. بىردەمدىن كېيىن قاتتىق يىغلاپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ دوستلىرىمۇ ئۇنى قولتۇقلاپ ئۇن قېتىپ يىغلىغىنىچە ئۆيىگە قاراپ مېڭىپتۇ. يېرىم يولدا ئىككى تەرەپتىن كەلگەن ھازىدارلار ئۇچرىشىپ ھەيران بولۇشۇپتۇ.

ئۇلار بايقۇتنىڭ يالغانچىلىق قىلىپ ئۆزلىرىنى كولدۇرلاتقىنىنى بىلگىنىدە قاتتىق ئاچچىقى كەپتۇ. خوجايىن ئۇنىڭدىن ئۆچىنى ئېلىشقا قەسەم قىپتۇ. بىراق بۇ چاغدا، يالغانچى بايقۇت ئاللىقاچان قېچىپ كەتكەنىكەن.



# قۇشقاچ بىلەن قارچىغىنىڭ ھېكايىسى

كۆنلەرنىڭ بىرىدە، بىر قۇشقاچ بالىسى بىر قوي قوتىنىنىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ قاپتۇ. قوتانغا مەرىشىپ كىرىپ ـ چىقىۋاتقان قويلار ئۇنىڭغا بەكمۇ قىزىق تۇيۇلۇپتۇ ـ دە، پەسكە ئۇچۇپ چۈشۈپ قاشاغا قونۇپ تاماشا كۆرۈپتۇ.

تۇساتتىن، بىر قارچىغا ئۇقتەك ئېتىلىپ چۈشۈپ ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن بىر قوزىنى قاماللىغىنىچە ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

قۇشقاچ بالىسى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ قارچىغىغا بەكمۇ ھەۋىسى كەپتۇ، ئۇمۇ قارچىغىغا ئوخشاش ئۆز كۈچىنى



بىر كۆرسىتىپ قويۇش نىيىتىگە كەپتۇ- دە، قوتانغا كى-
رىپتۇ.

يۇڭى ئاپئاق، سېمىز بىر قوزىچاق قوتاننىڭ ئىچىدە
ئېغىناپ ئويناۋېتىپتىكەن، قۇشقاچ بالىسى ئۇنىڭغا ئېتى-
لىپ يۇڭىدىن مەھكەم قاماللاپتۇ- دە، ئۇنى ئاسمانغا ئاچى-
قىپ كەتمەكچى بولۇپ قاناتلىرىنى جېنىنىڭ بارىچە پالاق-
شىتىپتۇ. شۇغىنىسى، ئۇنىڭ جۈغى تولىمۇ كىچىك بول-
غاچقا، ئارمانغا تۇشلۇق دەرمانى بولماپتۇ.

ئۇ قوزىچاقنى يەردىن يۇلۇۋېلىپ ئاسمانغا ئاچىقىپ
كېتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، كىچىككىنە پۇتلىرى قېلىن قوي
يۇڭى ئارىسىغا كىرىپ قېلىپ ھەرقانچە قىلىپمۇ تارتىپ
چىقىرالماپتۇ. ئۇ تېپىرلىغانسېرى پۇتى چىگىش يۇڭىنىڭ
ئارىسىغا شۇنچە چىڭ يۆگىلىپ قاپتۇ.

بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى
كۆرۈپ تۇرغان پادىچىنىڭ غەزى-
تى ئۆتى تېشىپتۇ. ئۇ قوتانغا
كىرىپلا قۇشقاچ بالىسىنى تۇتۇ-
ۋاپتۇ- دە، ئۇنىڭ تۇكلىرىنى يۇ-
ڭۇزلاپ پۇتىدىن باغلاپ قويۇپتۇ.
ئۇ ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم
بولغانلىقىنى ئاز دەپ بالىلارنىڭ





ئويۇنچۇقىغا ئايلىنىپ قاپتۇ.

— بۇچۇ، ئۆزۈمنى بىلەلمەي شىلتىڭ ئېتىپتىمەن، پالاسقا يۆگىنىپ ھەپتە يېتىپتىمەن، دېگەندەك كۈنگە قالغان ھارامزادە، — دەپتۇ پادىچى.



# بىلىقچى جۇدىرنىڭ ئاجايىپ سەرگۈزەشتى

## *بىلىقچى جۇدىر*

سودىگەر ئۆمەرنىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىكەن، چوڭىنىڭ ئىسمى سالى، ئوتتۇرانچىسىنىڭ سەلىم، كىچىكىنىڭ جۇدىر ئىكەن. ياشىنىپ قالغان ئۆمەر ئوغۇللىرىنىڭ ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزى ئۆلگەندىن كېيىن مۇستەقىل تىجارەت قىلالايدىغان بولۇشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىدىكەن.

ئۈ ئوغۇللىرىغا سودىگەرچىلىك ئىلىملىرىنى زېرىكمەي ـ تېرىكمەي ئۆگىتىپتۇ. شۇغىنىسى، سالى بىلەن سەلىم دادىسىنىڭ تەلىملىرىنى قىلچە قوبۇل قىلماپتۇ، يەپ ـ ئىچىپ، ئويناپ ـ كۈلۈپ پەقەت ياخشى ئۆگەنمەپتۇ. پەقەت كەنجى ئوغۇل جۇدىرلا دادىسىنىڭ ئۆگەتكەنلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، دادىسىنى خۇش قىپتۇ. ئۆمەر دائىم



ئىككى ئاكىسىنىڭ ئالدىدا جۇدېرنى ماختاۋەرگەچكە، ئۇ ئىككىسىنىڭ ھەسەتخورلۇقى قوزغىلىپتۇ.

جۇدېر ئاق كۆڭۈل، سەممىي، مۇلايىم بالا ئىكەن. ھەممە ئىشتا ئاكىلىرىغا يول قويۇپ، قىلچە بەسلەشمەيدىكەن، ئۆزى ھەممىدىن كىچىك بولسىمۇ، ئاكىلىق رولىنى ئۆتەيدىكەن. ئۆمەر ئۆزى ئۆلگەندىن كېيىن كەنجى ئوغلىنىڭ بوزەك بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، يۇرت چوڭلىرىنى چاقىرىپتۇ:

— مەن ئۆلگەندىن كېيىن ئوغۇللىرىمنىڭ مىراس تالىشىپ ئۇرۇش- تالاش قىلماسلىقى ئۈچۈن، ھايات چېغىمدا ئۇلارنىڭ مىراسىنى بۆلۈپ بېرىۋېتەي دەيمەن، —



دەپتۇ ئۇ ۋە ئۈچ ئوغلىغا بىر ئۇلۇشتىن مىراس بۆلۈپ بې-
رىپتۇ، ئايالى بىلەن ئىككىسى بىر ئۇلۇشنى ئېپقاپتۇ.

مىراس بۆلۈپ بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي سودىگەر ئۆمەر ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. مىراس ئېلىشتا زىيان تارتتۇق، دەپ قورسىقىدا غۇم ساقلاپ كەلگەن سالى بىلەن سەلىم دەردىنى جۇدېردىن ئېلىپ، ئۇنىڭغا ئارام بەرمەپتۇ. ئۇلار دادىمىز ئاستىرتىن ساڭا نۇرغۇن مال - مۈلۈك بەردى، دەپ جۇدېردىن ئۇ مال - مۈلۈكلەردىن



ئۆزلىرىگە بۆلۈپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. قېرىنداشلار ئارا غەلۋە تۈگىمەپتۇ. ئىككى ئاكىسى ئەمەلدارلارنى سېتىۋېلىپ جۇدېرنىڭ مال-مۈلكىنى تارتىۋالماقچى بوپتۇ، ئەمما شەرىئەت پاكىتلارغا ئاساسەن، ئۇلارنىڭ ئۇنداق قىلىشىغا يول قويماپتۇ. سالى بىلەن سەلىم بۇنىڭغا قايىل بولماي ھەريان قاتراپ يول ئىزلەپتۇ، قازىغا نۇرغۇن پۇل پارا بېرىپتۇ. جۇدېرمۇ ئامالسىزلىقتىن نۇرغۇن پۇل خەجلىۋېتىپتۇ.



نەتىجىدە، ئاكا ـ ئۇكا ئۈچىلىسى دەۋادا ئۇتتۇپ چىقالماي، مال ـ دۇنياسىنى بىكاردىن ـ بىكار خەقنىڭ قولىغا سېلىپ بېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ھېچنېمىسى يوق يالاڭ تۆشكە ئايلىنىپ قاپتۇ.

نامراتلىقتىن ئاچ ـ يالىڭاچ قالغان سالى بىلەن سەلىم قېرى ئانىسىنى قاقتى ـ سوقتى قىلىپ، ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئۆزلىرىنىڭ قىلىۋاپتۇ. جېنىنى بېقىشقا ئامالسىز قالغان ئانا يىغلىغىنىچە كېلىپ جۇدېرغا دەردىنى تۆكۈپتۇ. جۇدېر ئانىسىغا تەسەللى بېرىپ:

— خاتىرجەم بولۇڭ، مۇشۇ بىر جۈپ قولۇملا بولىدىكەن، سىزنى ھەرگىز ئاچ قويمايمەن، — دەپتۇ.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، جۇدېر بېلىق تۇتۇپ سېتىپ ئانىسىنى بېقىپتۇ. ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگىنى تېخى تاڭ ئاتماستا دېڭىز بويىغا كېلىپ تور سېلىپ، قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن ئاندىن تورىنى يىغىدىكەن. جاپا چېكىپ تۇتقان بېلىقلىرىنىڭ بىر قىسمىغا روزغارغا كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئالسا، يەنە بىر قىسمىنى سېتىپ ئازراق بولسىمۇ



پۇل قىلىدىكەن. ئۇنداق قىلىپ، بۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ تۇرمۇشى كۈندىن- كۈنگە باياشات بولۇشقا قاراپ مېڭىپتۇ.

ئۇنىڭ ئىككى ئاكىسى ھېچبىر ئىش- ئوقەت بىلەن شۇغۇللانماستىن كۈن بويى بىكار تەلەپلەر بىلەن لاغايلاپ يۈرۈپ، ناھايىتى تېزلا دىۋانە بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇلار ئۇكىد-سىنىڭ خېلى ھاللىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، دائىم بې-رىپ ئانىسىدىن ئۇنى- بۇنى تىلەيدىكەن، ئانىسى جۇدېرغا تۇيدۇرماي ئۇلارغا نان بېرىدىكەن.

بىر كۈنى، ئانىسى چوڭ ئىككى ئوغلىغا يەيدىغان بىر نەرسىلەرنى بېرىۋاتسا، جۇدېر كېلىپ قاپتۇ، ئوسال بولغان ئىككى ئاكا نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قاپتۇ. ئانىسىمۇ كەنجى ئوغلىغا يۈز كېلەلمەيدىغان ئىش قىلىپ قويغاندەك خىجا-لەت بوپتۇ. ئەمما، جۇدېر ئاكىلىرىنى كۆرۈپ ئۇلارنى قىزغىن



قوچاقلاپ:

— مەرھابا، مەرھابا، كەلگىنىڭلارنى قارشى ئالىمىز. ئۇزۇندىن بۇيان سىلەر بىلەن كۆرۈشەلمەي، ئانام ئىككىمىز يولۇڭلارغا تولا قارىدۇق، — دەپتۇ چىن يۈرىكىدىن چىقىرىپ.

ئۇنىڭ گېپىدىن ئانىنىڭ چېھرىگە كۈلكە يۈگۈرۈپتۇ.

— بۇنىڭدىن كېيىن ھەممىمىز بىللە تۇرايلى، — دەپتۇ جۇدېر يەنە.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بىر ئائىلىدىكى تۆت جان جەم بوپتۇ. جۇدېر ئادىتى بويىچە كۈندە چىقىپ بېلىق تۇتىدىكەن، ئاكىلىرى ئوخشاشلا ئەتىدىن كەچكىچە لاغايلاپ يۈرىيدىكەن.



بىر كۈنى، جۇدىر بىر كۈن كەچكىچە تور سېلىپ بىرەر تالمۇ بېلىق تۇتالماپتۇ. ئۆيگە قۇرۇق قول قايتىدىغىنىنى ئويلاپ ئۇنىڭ كۆڭلى يېرىم بوپتۇ. ئۇ ناۋاينىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپتۇ. ناۋاينىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ بىر نان، يەنە پارچە - پۇرات ئالىدىغانغا ئازراق پۇل بېرىپتۇ. ئۇ پۇلغا جۇدىر گۆش، كۆكتات ئېلىپ ئۆيگە قايتىپتۇ.

جۇدىر ئۇدا يەتتە كۈنگىچە بىر تالمۇ بېلىق تۇتالماپتۇ. ئۇنىڭ تۇرمۇشى كۈندىن - كۈنگە قىيىنلىشىپتۇ. ئۇ ھەتتا ناۋايخانىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشتىنمۇ خىجىل بولىدىغان بوپقاپتۇ. چۈنكى، ئۇ مۇشۇنداق كېتىۋەرسە ناۋاينىڭ قەرزىنى قايتۇرالماسلىقىدىن ئەنسىرەيدىكەن. ئۇيان ئويلا، بۇيان ئويلا، ئاخىر ئۇ تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى كۆلگە بېرىپ تەلىيىنى سىناپ باقماقچى بوپتۇ.



سەككىزىنچى كۈنى ئۇ زور ئىشەنچ بىلەن كۆل بويىغا كەپتۇ. ئەمدى تور سالاي دەپ تورۇشىغا بىرى ئۇنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپتۇ. ئۇ شۇنداق قارىسا، خورجۇن ئارتىلغان قېچىرغا مىنىۋالغان بىر مەراكەشلىك ئىكەن. ئۆزىنىڭ ئىسمىنى بىلىدىغان بۇ ناتونۇش ئادەمگە جۇدېر ھەيرانلىق بىلەن تىكىلىپتۇ. مەراكەشلىك ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— بىر ئىش بار ئىدى، ياردەملىشىپ بەرسەڭ ساڭا پايدىسى تېگەتتى، — دەپتۇ.

— قولۇمدىن كەلسىلا باش ئۇستىگە.

مەراكەشلىك يېنىدىن بىر يىپەك ئارغامچىنى چىقىرىپ جۇدېرغا بىلىكىدىن باغلاشقا ھەم ئۆزىنى ئىتتىرىپ كۆلگە چۈشۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇپتۇ. ئۇ جۇدېرغا تاپىلاپ:

— قولۇمنى سۇدىن چىقارغان زامان تور سېلىپ مېنى قۇتقۇلدۇر. ئەگەر سۇدىن پۇتۇم چىقىپ قالسا، بۇ مېنىڭ ئۆلگەنلىكىمدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇنداق بولۇپ قالسا مەن بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، بۇ قېچىرنى يېتىلەپ بازارغا بار-دە، سامىر ئىسىملىك يەھۇدىينى تېپىپ بۇ قېچىرنى شۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بەر. ئۇ ساڭا يۈز تىللا بېرىدۇ. ئېسىڭدە بولسۇنكى، بۇ ئىشنى ھېچكىم ئۇقمىسۇن، — دەپتۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان جۇدېرنىڭ تېنى شۈركۈنۈپ كېتىپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ ۋەدە بېرىپ قويغاچقا باش تارتالماپتۇ. ئۇ مەراكەشلىكنىڭ دېگىنىدەك قىلىپ، يىپەك ئارغامچىنى ئۇنىڭ بىلىكىگە چىگىپ كۆلگە ئىتتىرىۋېتىپتۇ.

بىردەمدىن كېيىن سۇ يۈزىگە بىر جۈپ پۇت چىقىپ قاپتۇ. جۇدېر ئۇنىڭ تۇنجۇقۇپ ئۆلگەنلىكىنى بىلىپ چۆچۈپ كېتىپتۇ. ئۇ ھەسرەت چەككىنىچە قېچىرنى يېتىلەپ، ھېلىقى يەھۇدىي سودىگەرنى ئىزدەپ بازارغا مېڭىپتۇ.

دۇكىنىنىڭ ئالدىدا يەھۇدىي جۇدېر يېتىلەپ

كەلگەن قېچىرنى كۆرۈپلا:

— ئادەم ئۆلۈپتۇ-دە، — دەپتۇ. ئۇ جۇدېرنىڭ قولىدىن قېچىرنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا يۈز تىللا بېرىپتۇ ھەم بۇ ئىشنى باشقىلاردىن سىر تۇتۇشنى تاپىلاپتۇ.

بۇ ئىشلار جۇدېرغا غەيرىي تۇيۇلۇپتۇ. ئەمما، يوقسۇزلۇق ئۇنىڭ بەك ئىنچىكە ئويلاپ كېتىشىنى كۆتۈرمەيدىكەن، شۇڭا نېرى-بېرىسىنى ئويلاپ ئولتۇرماستىن بېرىپ ناۋاينىڭ قەرزىنى قايتۇرۇپتۇ، ئاندىن نۇرغۇن يېمەكلىك ئېلىپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. ئۇ ئاشقان پۇللىرىنى ئانىسىغا بېرىپ، ئۆزى سىرتلارغا چىقىپ كەتكەندە، ئاكىلىـ



رىغا يەيدىغان نەرسە ئېلىپ بېرىشنى تاپلاپتۇ.

ئەتىسى جۇدېر بېلىق تۇتقىلى يەنە ھېلىقى كۆلگە بېرىپتۇ. تۇساتتىن، خورجۇن ئارتىلغان قېچىر مىنگەن يەنە بىر مەراكەشلىك پەيدا بوپتۇ. ئۇ كۈلۈمسىرىگىنىچە جۇدېرنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— تۇنۇگۇن قېچىر مىنگەن بىر مەراكەشلىك بۇ يەردىن ئۆتتىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— كۆرمىدىم، ھېچقانداق ئادەمنى كۆرمىدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۆزىگە ئاۋارىچىلىك تېپىۋېلىشتىن قورققان جۇدېر.

— ئۇنى بىلىكىدىن يىپەك ئارغامچا بىلەن چىگىپ كۆلگە ئىتتىرىۋەتكەن ئادەم سەن ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ يېڭىدىن كەلگەن مەراكەشلىك، ئاندىن ئۇ تۇنۇگۇنكى ئىشنى جۇدېرغا ئەينەن سۆزلەپ بېرىپتۇ. جۇدېر ئۇنىڭ ھەممە ئىشنى بىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ نائىلاج شۇنداق، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— ئۇ مېنىڭ ئاكام ئىدى، — دەپتۇ مەراكەشلىك خورجۇنىدىن بىر تال يىپەك تانىنى ئېلىپ، — سەن ئاكامغا ياردەملەشكەندەك، ماڭىمۇ ياردەملىشەرسەنمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

بۇ مەراكەشلىككە قانداق جىن تەگكىنىنى بىلەلمىگەن جۇدېر ئۇنىڭ سەمىمىيلىك چىقىپ تۇرغان تۇرقىغا قاراپ ماقۇل بوپتۇ. نەتىجىدە، ئۇمۇ ئاكىسىغا ئوخشاشلا تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپتۇ. جۇدېر ئۇنىڭ قېچىرىنى يېتىلەپ ھېلىقى يەھۇدىينى ئىزدەپ بېرىپتۇ ۋە يەنە يۈز تىللاغا ئېرىشىپتۇ.

جۇدىر پۇلنى ئەكېلىپ ئانىسىغا بەرگەندە، ئانىسى بۇ پۇلنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئۇقۇپ بەكمۇ قورقۇپ كېتىپتۇ ھەم جۇدىرغا ئەمدى ئۇ يەرگە بېرىپ بېلىق تۇتما، دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

— قورقماڭ، ئانا، مەن خەققە زىيانكەشلىك قىلىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايمەن. بۇ ئىشنىڭ تېگىدە چوقۇم سىر بار. مەن ئۇنى يەشمەي قويمايمەن، — دەپتۇ جۇدىر .

ئۇچىنچى كۈنى جۇدىر كۆل بويىغا يەنە بېرىپتۇ. ئۇ تورنىمۇ يايماستىن ئولتۇرۇپ مەراكەشلىكنى ساقلاپتۇ. ھا-يال ئۆتمەي يەنە بىر مەراكەشلىك پەيدا بوپتۇ. جۇدىر ئۇنىڭ ئۆزىدىن گەپ سورىشىنىمۇ كۈتمەستىن:

— سەندىن ئىلگىرىمۇ ئىككى مەراكەشلىك بۇ يەرگە كەلگەن. مەن ئۇلارنى بىلىكىدىن باغلاپ كۆلگە ئىتتىرد-ۋەتكەن. نەتىجىدە ھەر ئىككىلىسى تۇنجۇقۇپ ئۆلدى. سەنمۇ ئۇلارغا ئوخشاش ياردىمىمگە موھتاجمۇ؟ — دەپتۇ.

ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان مەراكەشلىك قاقاقلاپ كۈ-لۈپ كېتىپتۇ ۋە:

— ئۇنداق بولسا، كۆپ سۆزلىشىمىزنىڭ ھاجىتى قالماپتۇ. ئاغىنە، خۇددى ئىككى ئاكامغا ياردەم قىلغانىغا



ئوخشاش، ماڭىمۇ ياردەم قولۇڭنى سۇنغان بولساڭ، — دەپ-
تۇ - دە، يېنىدىن يىپەك ئارغامچىنى چىقىرىپتۇ. جۇدىر
ئۇنىمۇ باغلاپ كۆلگە ئىتتىرىۋېتىپتۇ. بىردەمدىن كېيىن
ئۇ ئىككى قولىدا بىردىن قىزىل بېلىقنى تۇتقان پېتى
قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلىپ ۋارقىراپتۇ. جۇدىر تور تاشلاپ
ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋاپتۇ. مەراكەشلىك ھاسىراپ تۇرۇپ:

— بىرىپ خۇرجۇندىكى ئىككى قۇتىنى ئەكېلىپ



ئاغزىنى ئاچ، — دەپتۇ.

جۇدىر ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىپتۇ. ئۇ كىشى ھەربىر قۇتىغا بىردىن بېلىقنى سېلىپ بولغاندىن كېيىن، جۇدىرنى ھاياجان بىلەن قۇچاقلاپتۇ:

— سەن قۇتۇلدۇرۇۋالمىغان بولساڭ، بۇ ئىككى تال بېلىقنى تۇتۇۋېلىش تۇگۇل، سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلەتتىم.

— بۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى سىلەرگە زادى نېمە ئىش بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ جۇدىر ھەيرانلىق بىلەن.

— بۇنى ساڭا ھازىرلا چۈشەندۈرۈپ قويىمەن، — دەپتۇ ئۇ ئادەم.

ئەسلىدە، ئۇلار ئۈچ ئاكا - ئۇكا بولۇپ، دادىسىدىن سېھىر - جادۇ قىلىشنى، يەر ئاستى بايلىقىنى تېپىشنى ئۆگىنىپتىكەن. دادىسى ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭدىن جىن - ئالۋاستىلار ئۇستىدىن غالىب كېلىش ۋە كۆمۈلۈپ ياتقان بايلىقلارنى تېپىشقا ئائىت بىلىملەر بار بىر گۆھەر كىتاب قاپتۇ. ئۈچ ئاكا - ئۇكا بۇ كىتابنى تالىشىپ جەڭ - گى - جېدەل قىلىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ دادىسىنىڭ ئۇستازى كېلىپ ئۇلارنى ياراشتۇرۇپ قويۇپتۇ ھەمدە ئۇ ئەتىۋارلىق كىتابنى ئەكېتىپتۇ. بۇ تۆت ئوغۇلنىڭ قايسىبىرى دادىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى ئورۇنداپ شاھمەردانىنىڭ خەزىنى - سىنى ئېچىپ تۆت ئەڭگۈشتەرنى ئالالىسا، بۇ كىتاب شۇ - نىڭغا تەئەللۇق بولىدىكەن.

بۇ تۆت چوڭ ئەڭگۈشتەر جاھاننىڭ جىمى بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىنى كۆرگىلى بولىدىغان جاھان ئەينىكى؛ كۆزىگە بىر تېمىم تېمىتىپ قويسا يەر ئاستىدىكى جىمى بايلىقنى كۆرگىلى بولىدىغان زەمزەم سۇ؛ بارمىقىغا سېلىۋالسا جىمى

ئارزۇ ـ ئارمىنىغا يەتكىلى بولىدىغان ئۈزۈك؛ يېنىغا ئېسىۋالسا جىمى دۈشمەننى يەر بىلەن يەكسان قىلغىلى بولىدىغان شەمشەر ئىكەن.

بۇ بايلىق دېۋىلەر پادىشاھىنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ قولىدا ئىكەن. ئۇ مىسىردىكى بىر كۆلدە تۇرىدىكەن. ئۇستاز ئۈچ ئاكا ـ ئۇكىغا:

— سىلەر جۇدېر ئىسىملىك بىر بېلىقچى بالىنىڭ ياردىمىدىلا ئۇلارنى تاپالايسىلەر، ئۇلارنى يېڭەلىسەڭلار، خەزىنىنى ئاچالايسىلەر. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار بىلەن يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم، دەپ ئېلىشىشقا توغرا كېلىدۇ، — دەپتۇ.

چوڭ ئىككى ئوغۇل، بولدى، مىسىرغا بارىمىز، دەپ كۆكرەك كېرىپ چىقىپتۇ. پەقەت كەنجى ئوغۇللا جىم تۇرۇپتۇ. ئۇ زۆرۈر تېپىلغاندا ئىككى ئاكىسىنىڭ ئىشلىرىنىڭ ئاخىرىنى چىقىرىش ئۈچۈن يەھۇدىيچە ياسىنىپ مىسىرغا كەپتۇ.

مەراكەشلىك سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كېلىپ، جۇدېرغا:



— كېيىنكى ئىشلارنى مەن دېمىسەممۇ بىلىسەن. ئىككى ئاكام ھالاك بولدى. مەن دىۋىلەر پادىشاھىنىڭ ئو-غۇللىرى بولغان ھېلىقى ئىككى ئالتۇنبېلىقنى تۇتۇۋالدىم. خەزىنىنى ئاچىدىغان ھوقۇقتا مەن نائىل بولدۇم. دوستۇم جۇدېر، مەن بىلەن بىللە فاس شەھىرىگە بارغىن. خەزىنىنى ئاچقاندىن كېيىن نېمىنى خالىساڭ شۇنىڭغا ئېرىشى-سەن، — دەپتۇ.

— بولمايدۇ، ئەپەندى، — دەپتۇ جۇدېر ئۇنىڭ ئۆ-زىنى بىللە ئەكېتىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ تىت-تىت بولغىنىچە، — ئۆيۈمدە قېرى ئانام بىلەن تەييارغا ھەييار ئىككى ئاكام بار. مەن سىز بىلەن كەتسەم، ئۇلارنى كىم باقىدۇ؟



مەراكەشلىك جۇدېرغا ئۆيۈڭلەردى-كىلەرنىڭ تۇرمۇشى ئۈچۈن دەپ مىڭ تىللا بېرىپتۇ. جۇدېر پۇلنى ئانىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ-دە ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ، شاھمەردانىنىڭ خەزىنىسىنى ئېچىش ئۈچۈن ئاتلىنىپتۇ.

# جۇدېرنىڭ خەزىنىنى تېپىشى

جۇدېر بىلەن مەراكەشلىك خەزىنىنى تېپىش ئۈچۈن يولغا چىقىپتۇ.

ئۇلار چىڭقىچۈشتىن تارتىپ تا كۈن قايرىلغۇچە ماڭغان بولسىمۇ، كۆزلىگەن مەنزىلگە يېتىپ بارالماپتۇ.

قورسىقى ئېچىپ كوركىراپ كەتكەن جۇدېر چىدىيالماي:

— يولدا يېگۈدەك نەرسە ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇپ قالغان ئوخشىمامسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئاۋۇ خۇرجۇننى ئەكېلە، — دەپتۇ مەراكەشلىك.

جۇدېر خۇرجۇننى ئەكەپتۇ. مەراكەشلىك ئۇنىڭدىن:

— ئۇكام، نېمىنى كۆڭلۈڭ تارتىدۇ؟ — دەپ سوراپتىكەن.

— قورساق تويغۇدەك نەرسە بولسىلا بولدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ جۇدېر.

— ئۇنداق دېسەڭ بولمايدۇ، نېمە يېگۈڭ بولسا تارتىنماي ئېيتىۋەرگىن، — دەپتۇ مەراكەشلىك.

— نان بىلەن ئىرىمچىك يەيلى ئەمىسە.

— ۋاي، بىچارىيەي! بۇ بەك غورىگىل بولۇپ قالامدۇ؟ ياغدا پىشۇرۇلغان توخۇنى كۆڭلۈڭ تارتمامدۇ؟ —دەپ سوراپتۇ مەراكەشلىك.

— بولسىغۇ، كۆڭلۈم كارامەت تارتاتتى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ جۇدېر.

— ھەسەل سالغان تاماقنىچۇ؟ يەنە... — مەراكەشلىك بىراقلا يىگىرمە تۆت خىل تاماقنىڭ ئىسمىنى ئاتاپتۇ.

جۇدېر ئىچىدە: « ساراڭ بوپتۇ بۇ! بۇ يەردە يا ئاشخانا،

يا تاماقخانا بولمىسا، بۇنچىۋالا جىق تاماق ئاسماندىن چۈ-
شەمدىكىنە!» دەپ ئويلاپتۇ.

شۇ ئەسنادا، مەراكەشلىك خۇرجۇندىن بىر ئالتۇن لېگەننى ئاپتۇ. جۇدېر قارىسا لېگەندە هورى چىقىپ تۇرغان، ياغدا قىزىرىپ پىشقان بىر توخۇ تۇرغۇدەك. ئۇ قولىنى خۇرجۇنغا ئىككىنچى قېتىم تىقىپ بىرلېگەن كاۋاپ ئاپتۇ، ئارقا - ئارقىدىن قول سېلىپ ئۆزى ئىسمىنى ئاتاپ ئۆتكەن يىگىرمە تۆت خىل تاماقنىڭ بىرىنىمۇ كەم قىلماي هازىر قىپتۇ.

كۆزلىرى ئالا چەكمەن بولۇپ كەتكەن جۇدېر:

— ئەپەندى، ئاشخانىنى خۇرجۇنىڭىزغا سېلىۋالغان-مىدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

مەراكەشلىك قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ:

— بۇ خۇرجۇن — خىسلەتلىك خۇرجۇن. ئۇنىڭ ئىچىدە بىر خىزمەتكار بار. خۇرجۇننىڭ ئىگىسى ئۇنىڭغا قانداق تائام بۇيرۇسا، ئۇ شۇ هامان هازىر قىلىدۇ، — دەپتۇ.

جۇدېر ئاغزى - ئاغزى تەگمەي ماختاپ كېتىپتۇ.



ئۇلار راسا مەززە قىلىپ غىزالانغاندىن كېيىن يەنە خۇرجۇنىدىن بىر خۇمرا شەربەت چىقىرىپ قانغۇدەك ئىچىپتۇ، ئاندىن قېچىرغا مىنگىشىپ يولغا راۋان بوپتۇ.

ئۇلار بىر كۈندىلا بىر ئايلىق يولنى بېسىپتۇ. ئەسلىدە، ئۇلارنىڭ مىنگىنى ئادەتتىكى قېچىر بولماستىن خاسىيەتلىك ئېشەك ئىكەن. ئۇلار ئاشۇنداق قاق سەھەردە يولغا چىقىپ، ئەلياتقۇدا قونۇپ تۆت كۈن يول يۈرۈپ، بەشىنچى كۈنى فاس شەھىرىگە كەپتۇ.



شەھەردىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى مەراكەشلىككە سالام بەجا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ قوللىرىغا سۆيۈپ كېتىپتۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇردىلارغا ئوخشاش ھەشەمەتلىك قورۇلاردا ئولتۇرىدىكەن.

شاھىمەردان خەزىنىسىنى ئاچىدىغان كۇنلەر يېتىپ كەپتۇ.

مەراكەشلىك بىلەن جۇدېر ئىككى خىزمەتكارنى ئېلىپ مەنزىلىگە ئاتلىنىپتۇ.

ئالاھازەل يېرىم كۈن ماڭغاندىن كېيىن شىددەتلىك ئاقىدىغان بىر دەريا بويىغا كېلىپتۇ. مەراكەشلىك خىزمەت- كارلىرىغا تۇرالغۇ تىكىشكە بۇيرۇق قىپتىكەن، ئۇلار ھەش - پەش دېگۇچە، ئىچىدە يوتقان - كۆرپە، پەي ياستۇقلى- رى تەل بولغان بىر چېدىر تىكىپتۇ. مەراكەشلىك بىلەن جۇدېر ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئارام ئاپتۇ.

غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن مەراكەشلىك دېۋىلەر پادىشاھىنىڭ ئوغۇللىرى بەند قىلىنغان ھېلىقى ئىككى قۇتىنى ئېلىپ دۇرۇت ئوقۇشقا باشلاپتۇ. توساتتىن، قۇتى- نىڭ ئىچىدىن: «بىزگە رەھىم - شەپقەت قىلغىن، بىز سىنىڭ پەرمانىڭغا بويسۇنىمىز» دەپ يالۋۇرغان سادا كەپتۇ. مەراكەشلىك دۇرۇت ئوقۇۋېرىپتۇ. بىر چاغدا، قۇتا يېرى- لىپ، ئىچىدىن قوللىرى كەينىگە قىلىپ باغلانغان ئىككى ئادەم ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بوپتۇ.

— ئالدىڭلاردا ئىككى يول بار، — دەپتۇ مەراكەش- لىك، — بىرى، ئوتتا كۆيۈپ كاۋاپ بولۇش؛ يەنە بىرى، مېنىڭ شاھىمەردان خەزىنىسىنى ئېچىشىمغا ياردەم قى- لىش.

— بىز خەزىنىنى ئېچىشىڭىزغا ياردەم بېرىشنى

خالايمىز، — دەپتۇ ئۇ ئىككىيلەن، — لېكىن، سەن جۇدېر ئىسىملىك بېلىقچىنى تېپىپ كېلىشىڭ كېرەك. چۈنكى، بۇ خەزىنىنى پەقەت شۇلا ئاچالايدۇ ھەم ئىچىگە كىرەلەيدۇ.

— بۇنى بىلمەن. سىلەر دېگەن جۇدېرمۇ مانا ئالدىڭلاردا تۇرۇپ، گېپىڭلارنى ئاڭلاۋاتىدۇ، — مەراكەشلىك جۇدېرغا بۇرۇلۇپ، خەزىنىنى ئېچىشتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ئۇنىڭغا جېكىپتۇ، — مېنىڭ دېگەنلىرىمنى قۇلىقىڭدا مەھكەم تۇت، ئازراق چاتاق چىقسىلا قىلغان ئەجرىمىز بىكارغا كېتىدۇ.

مەراكەشلىك سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن خۇرجۇندىن



بىر بامبۇك نەيچە بىلەن بىرنەچچە تال ھېقىقنى ئاپتۇ. ئۇ ھېقىقلارنى ئوتنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، بامبۇك نەيچىنى ئوتقا توغرىلاپ پۈۋلەپتۇ. ئوت تېخىمۇ لاۋۇلداپ كۆيۈشكە باشلاپتۇ.

ئۇ ئۇلۇغ ئوتنىڭ ئۈستىگە مۈشك ـ ئەنبەرلەرنى چېچىپ ئەپسۇن ئوقۇپتىكەن، دەريا سۈيى ئاستا ـ ئاستا قۇرۇپ دەريا قىنىدا بىر خەزىنىنىڭ ئىشىكى كۆرۈنۈپتۇ.

جۇدېر ئىشىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ قېقىپتۇ. ئىچىدىن:

— خەزىنىنىڭ ئىشىكىنى چېكىۋاتقان كىم ئۇ؟— دېگەن ئاۋاز چىقىپتۇ.

— مەن— جۇدېر.

ئىشىك ئېچىلىپ ئىچىدىن قىلىچ كۆتۈرگەن بىرى چىقىپتۇ ـ دە:

— بوينۇڭنى ئۇزات! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

جۇدېر بويىنىنى ئۇنىڭ قىلىچىغا تۇتۇپ بېرىپتۇ.

ئۇ ئادەم جۇدېرنىڭ بويىنىغا «شارتتىدە» قىلىچ سالغان





بىلەن ئۆزى ئوڭدىسىغا چۈشۈپ تىن تارتماي ئۆلۈپتۇ.

جۇدىر ئىككىنچى بىر ئىشىكنى قېقىپتىكەن، ئىچىدىن بىر چەۋەنداز چىقىپتۇ ـ دە:

— تەقىب قىلىنغان يەرگە سېنى كىم ئەكەلدى؟ — دەپ جۇدىرنىڭ مەيدىسىگە نەيزە ئۇرۇپتۇ.

جۇدىرمۇ مەيدىسىنى نەيزىگە بىر ئۇرۇپتىكەن، ھېلىقى چەۋەنداز ئوڭدىسىغا يىقىلىپلا قېتىپ قاپتۇ.

جۇدىر داۋاملىق ئالدىغا مېڭىپتۇ. ئۈچىنچى ئىشىكتىن ئوقيا كۆتۈرگەن بىر ئادەم چىقىپ جۇدىرغا ئوق ئۈزۈپتۇ. جۇدىر بۇ قېتىممۇ كۆكرىكىنى ئوقيا ئوقىغا تۇتۇپ بېرىپ-

تىكەن، ئۇ ئادەممۇ تىن تارتماي ئۆلۈپتۇ.

شۇنداق قىلىپ جۇدىر مەراكەشلىكنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىشقىلىپ ئالتە ئىشىكنى ئېچىپتۇ. يەتتىنچى ئىشىككە كەلگەندە، ئۇ بېرىپ ئىشىكنى چېكىپتىكەن، ئويلىمىغان يەردىن ئىشىكنى «ئانىسى» ئېچىپ بېرىپتۇ.

— مەرھابا، ئوغلۇم، ساڭا بەخت تىلەيمەن! — دەپتۇ





ئۇ «ئانا».

بۇ ئايالنىڭ ئۇنىڭ خەزىنىنى ئېچىشىنى توسۇش ئۈچۈن ئانىسى قىياپىتىگە كىرىۋالغان ئەرۋاھ ئىكەنلىكى جۇدېرغا ئايان ئىكەن. ئۇ مەراكەشلىكنىڭ تاپىلىغىنىدەك تامدىكى قىلىچنى ئېلىپلا ئۇ ئايالغا تەڭلەپ تۇرۇپ:

— كىيىملىرىڭنى ساله، بولمىسا مۇشۇ قىلىچ بىلەن بېشىڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلىمەن! — دەپ توۋلاپتۇ.

ئۇ ئايال ئاغىي قىلىپ سالغىلى ئۇنىماپتىكەن، جۇدېر قىلىچى بىلەن ئۇنىڭغا دېۋەيلەپ پوپوزا قىپتۇ.

ئۇ ئايال ئاخىر كىيىملىرىنى ساپتۇ، بىراق ئىچ كىيىملىرى بىلەن قاپتۇ.

— بالام، سېنىڭ ئالدىڭدا ئىچ كىيىم بىلەنلا قالدىم، يەنە سال دېسەڭ، ئالدىڭدا نامەھرەم بولمامدىم! — دەپتۇ ئۇ ئايال.

جۇدېر ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ :

— بوپتۇ، ئۇ كىيىملىرىڭنى سالمىساڭ سالما، — دەپتۇ. ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئايىغى چۇشەر - چۇشمەستىن ھېلىقى ئايال ۋارقىراپ كېتىپتۇ:

— ئۇنى تۇتۇڭلار. ئۇ خاتا گەپ قىلدى!

بىر توپ جىن - ئالۋاستىلار چىقىپ ئۇنى ئۇرۇپ، تېپىپ پولا قىلىپ تالاغا تاشلىۋېتىپتۇ. خەزىنىنىڭ ئىشىكى شۇ ھامان تاقىلىپ قاپتۇ. ئۇ ھوشىنى بىلمەي ياتقاندا، مەراكەشلىك دەرھال بېرىپ ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋاپتۇ. ئۇنى كۆتۈرۈپ ئەمدىلا قاشقا قويۇپ تۇرۇشىغا دەريا سۈيى لەپىلدەپ ئۆرلەپ كېتىپتۇ. دەريا قىنى سۇنىڭ ئىچىدە قاپتۇ.



مەراكەشلىك جۇدىرغا قاراپ ئەپسۇن ئوقۇپ ئۈرۈپتىكەن، جۇدىر ئاستا كۆزىنى ئېچىپتۇ.

— ھەي ئاغىنە، نېمە قىلغانىدىڭ؟ زادى نېمە ئىش يۈز بەردى؟ — دەپ سوراپتۇ مەراكەشلىك.

جۇدىر ئۆزىنىڭ «ئانىسى» ئۇچراپ قالغانلىقى ئۈچۈن



مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. مەراكەشلىك ئۇنىڭ گەپ ئاڭلىمىغانلىقىغا كايىپتۇ ھەمدە پۇرسەت قولدىن كەتتى، ئەمدى كېلەر يىلى كېلىپ خەزىنىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ، دەپتۇ.

ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە بىر يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ. خەزىنىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىش مەزگىلى يېتىپ كەلگەن كۈنى، جۇدەر بىلەن مەراكەشلىك يەنە قېچىرغا مىنگىشىپ ھېلىقى دەريانىڭ بويىغا يېتىپ كەپتۇ. بۇ قېتىم جۇدەر بۇلتۇرقى ئاچچىق ساۋاقنى ئېسىدە مەھكەم ساقلاپ، ھەربىر ئۆتكەلدىن ھوشيارلىق بىلەن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ، ئاخىر خەزىنىنىڭ چوڭ ئىشىكىنى ئېچىپتۇ.

جۇدەر ئىشىكتىن شۇنداق كىرىپ قارىسا، ھېسابسىز ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۈنچە ـ مەرۋايىتلار دۆۋىلىنىپ تۇرارمىش. جۇدەر ئۇلارغا كۆز قىرىنىمۇ سالماستىن ئۇدۇل مەخپىي ھۇجرىغا كىرىپتۇ. ئۇ يەردە بۇ خەزىنىنىڭ ئىگىسى شاھىمەردان بىر ئالتۇن كارىۋاتتا، بېلىگە شەمشەر ئاسقان، مەيدىسىگە زەمزەم سۈيىنى تاڭغان، قولىغا خىسلەتلىك ئۈزۈكنى سالغان، بېشى تەرەپكە جاھان ئەينىكىنى قويغان ھالەتتە ياتقان. جۇدەر ئۇنىڭ قېشىغا يېقىن بېرىپ مەراكەشلىككە لازىملىق بولغان تۆت ئەڭگۈشتەرنى ئاپتۇ ـ دە، مەخپىي ھۇجرىدىن چىقىپ كېتىشكە تەمشىلىپتۇ.

شۇ ئەسنادا، تۆت تەرەپتىن:

— مۇبارەك بولسۇن، جۇدەر، مۇرادىڭنىڭ ھاسىل بولغىنىنى تەبرىكلەيمىز! — دېيىشقان ئالقىش سادالىرى كۆتۈرۈلۈپتۇ.

جۇدەر ئۇ تۆت ئەڭگۈشتەرنى مەراكەشلىككە تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ. مەراكەشلىك خۇشاللىقىدا جۇدەرنى قۇچاقلاپ،

سۆيۈپ كېتىپتۇ.

مەراكەشلىك يۇرتىغا قايتىپ تۆت ئەڭگۈشتەرنى ئۇستازغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۇنىڭ قولىدىن دادىسىنىڭ ئەڭگۈشتەردىنمۇ ئەتىۋارلىق كىتابىنى تاپشۇرۇۋاپتۇ. جۇدېرنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتىنىڭ ھەققى ئۈچۈن مەراكەشلىك ئۇنىڭغا ھېلىقى خاسىيەتلىك خۇرجۇن بىلەن بىر خالتا ئالتۇن بېرىپتۇ. جۇدېر ئۇنىڭغا ھەشقاللا-رەھمەت ئېيتىپ ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ.



Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
  "filename": "NDAyMTkyNTguemlw",
  "filename_decoded": "40219258.zip",
  "filesize": 18669051,
  "md5": "20042bdf29b5af6a1a7b6c4c301c85e5",
  "header_md5": "7ae045bbdc7b7c8bc21f54b882a347e3",
  "sha1": "165fb9fb7c4b3f9aa197caea9a05689aac426388",
  "sha256": "f94f2ee68a820dd49c264ae359dccfb542d0b6755bbc1f20cf7c6d5d53028a1a",
  "crc32": 2299710818,
  "zip_password": "",
  "uncompressed_size": 20793221,
  "pdg_dir_name": "\u2565\u2557\u255f\u00ba\u2534\u03c0\u2565\u2557\u2565\u2563 \u255a\u00b2\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40219258",
  "pdg_main_pages_found": 78,
  "pdg_main_pages_max": 78,
  "total_pages": 85,
  "total_pixels": 339133680,
  "pdf_generation_missing_pages": false
}